«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



3
2013

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
05>
9 771008 649003

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# مەشرەپنى قوغداش خىزمىتى يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر




يىغىن سەھنىسى



نازىر مۇختار مەخسۇت مۇھىم سۆز قىلماقتا

2013-يىلى 2-ئاپرېل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەشرەپنى قوغداش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيەلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋارىسلاردىن بولۇپ 50 نەپەر كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىرى مۇختار مەخسۇت قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مەسئۇللار مەشرەپنى تۈرلەر بويىچە قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جيې رىياسەتچىلىك قىلدى.

— ئۆز خەۋىرىمىز

لياڭ لى فوتوسى



يىغىن ئەھلى






يىغىن خاتىرىسى

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا

## مەخسۇس سەھىپە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەشرەپنى قوغداش خىزمىتى يىغىنىدا
قىلىنغان سۆز .................. مۇختار مەخسۇت 2

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .......... ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۈمىد قاتارلىقلار 5

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ھاراق (5) ................ (ھېكايە) .......... ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 14
پىراقنامە ................ (غەزەللەر) ...... ئابدۇقادىر جالالىددىن 26
قاشتېشى ................ (ھېكايە) .............. ھەلىمە تۇردى 30
جانانغا خەت ................ (نەسر) ............ ئەنۋەر تاشتۆمۈر 34

## ئوبزورچىلار مۇنبىرى

سۆز بوشلۇقىدىن ئالەم بوشلۇقىغا ...................... ئادىل تۇنىياز 36
ۋىجدان دەۋىتى، گۈزەللىك ئۈستىكى ..................... ئەنۋەر ھوشۇر 42

## يۈزمۇيۈز

جەمئىيەتنىڭ قىياپىتى ۋە يازغۇچىنىڭ روھىي ھالىتى (سۆھبەت خاتىرىسى) ...
............................................ ئابدۇمىجىت مۇھەممەد 50

## تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ..........................
.................. راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى قاتارلىقلار (ت) 69

## مەدەنىيەت بىزنىڭ بايلىقىمىز

لاي تامچىلىقنىڭ «سىرى» .................... ئەركىن ئاۋۇت 79

مۇقاۋىدا: پىكىرچان قەلەم ساھىبى، پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنىڭ 50- ئۆمۈر بوسۇغىسىغا مەرھابا! ئۆركەش جاپپار فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
( 62 - يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2013- يىلى 3- سان
(ئومۇمىي 321- سان)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
مۇختار مەخسۇت

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جالال خوجچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
بەگمەت يۈسۈپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخنىك ژۇرنال:
بەگمەت يۈسۈپ



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەشرەپنى قوغداش خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

مۇختار مەخسۇت

(2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)

بىز بۈگۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن مەشرەپنى قوغداش خىزمىتى يىغىنى ئاچتۇق. مەشرەپ دۆلىتىمىز ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغان مۇھىم تۈر بولۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇش، قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتى بىز مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تەخىرسىز ئىش. بىز مەشرەپ تۈرىنى ئىلتىماس قىلغاندا بەرگەن ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوبدان جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامما ياقتۇرىدىغان، ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۇنى ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەت يېتەكچى قىلىنىۋاتقان نۆۋەتتىكى ياخشى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسىغا ۋە زامانىۋى ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كەيپىياتنى يېتەكلەش، جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئەمدى مەن مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، مەشرەپنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك

مەخسۇس سەھىپە

شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ئىنتايىن باي، تارىخ - مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى ئىنتايىن مول رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بەزىلىرى «12 مۇقام»، «ماناس»قا ئوخشاش دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى خەزىنىسىدىكى نۇرلۇق گۆھەر. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە توغرا رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا، بولۇپمۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى نەتىجىسىدە، 2010 - يىلى ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز نامىدا ئىلتىماس سۇنۇشى ئارقىلىق، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى مەشرەپنى «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى» گە كىرگۈزدى، بۇ ئالاقىدار جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر، ئالاقىدار تارماقلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئاممىنىڭ مەشرەپنى قوغداش قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنى خەلق ئىچىدە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

ئەينى چاغدا، «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشتا مۇنداق ئىككى ئىشنى ئويلاشقان ئىدۇق. بىرىنچى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىز ئىككى تۈرنى «ۋەكىللىك ئەسەر تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولغاچقا، مەشرەپنىمۇ «ۋەكىللىك ئەسەر

تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلۈشنى ئىلتىماس قىلساق، بۇنىڭدا مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى كىچىكرەك بولۇپ قالاتتى؛
ئىككىنچى، ئەل ئىچىدىكى مەشرەپنىڭ بىرمۇنچە شەكىللىرى
يوقاپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇنى جىددىي قوغداشقا توغرا كەلگەنلى-
كى ئۈچۈن، مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئىلتىماس قىلغان ئىدۇق.
ئىلتىماس قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانى ناھايىتى
جاپالىق بولدى، ئەمما بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق پۈتكەندىن كېيىن،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ئالاقى-
دار جايلار ۋە مەشرەپچىلەرنىڭ بۇ تۈرنى قوغداش، ئۇنىڭغا
ۋارىسلىق قىلىش قىزغىنلىقى، ئاكتىپلىقى تولىمۇ يۇقىرى
بولدى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى تېخىمۇ
ئېنىق تونۇپ يەتكەنلىكى دېيىشكە بولىدۇ. جايلار بۇ ئىشقا
ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ھەمدە مەشرەپنى قوغداش خىزمى-
تىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئىشلىدى. ئازكەم 10 يىل جەريا-
نىدا، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
مەشرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغداشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سۈرەتكە
ئېلىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، ئەنئەنىۋى مەشرەپ پائالىيەت-
لىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ھەر دەرىجىلىك غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە ئىلتى-
ماس سۇنۇش، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات
يايدۇرۇلۇپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلسە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك مەشرەپكە چۈشىدۇ، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ مەشرەپنى
ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھېرىسمەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ، مەشرەپنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھازىرقى ۋەزىيەتتە،
ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى ۋە شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش
قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئې-
كولوگىيەسى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرى-
ۋاتىدۇ، نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ
قانداقتۇر بىركىم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش بولماستىن، بەلكى
تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى. زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە
مەشرەپمۇ قانداق قىلىپ ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈ-
رۈش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. زامانىۋى ۋاستىلەرنىڭ
تەرەققىي قىلىشى، رادىيو-تېلېۋىزىيە، تورلارنىڭ قولايلىقى، زا-
مانىۋىلىقىدەك ئامىللار تۈپەيلىدىن، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئاخ-
بارات ۋاستىلىرى ئەنئەنىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا خىرىس
ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، زامانىۋىلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ، ئەنئەنىۋى نەرسىلەر مۇقەررەر ھالدا زەربىگە ئۇچراي-
دۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «غەيرىي ماددىي مە-
دەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» دىكى تەلەپ
بويىچە، خەلقئارالىق دەرىجىدە «جىددىي قوغدىلىدىغان
غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى» تۈرگۈ-
زۈش يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تۈرلەرنى بېكىتىش ۋە
قوغداش، ئۇنىڭ داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈ-
زىدىغان خەۋپنى تۈگىتىشتىكى مۇقەررەر تەدبىردۇر. ئېلىمىز-
دىمۇ دۆلەت، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت تۆت دە-
رىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى
تۈرگۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئىل-
تىماس قىلغان مەشرەپ تۈرلىرى ھەر دەرىجىلىك غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بې-
رىشى، ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى مەدەنىيەت تارماق-
لىرى، قوغداش ئورۇنلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا،
«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامى-
سى» دىكى تەلەپ بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەشرەپنى
قوغداش خىزمىتىدە مۇئەييەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھەر
دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە قوغداش خىزمىتىگە ئا-
لاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمەت نىشانى ئايدىڭ، تەسەۋۋۇرى
ئېنىق، مېخانىزمى ئۈنۈملۈك بولدى. بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈ-
شىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە مەشرەپنى قوغداش خىزمىتىدە ۋا-
رىسلىق قىلىش مېخانىزمى مۇكەممەل بولماسلىق، ۋارىسلارنى
تەربىيەلەش مېخانىزمى ئەمەلىيلەشمەسلىك، ئالاقىدار تەتقىقات
خىزمەتلىرى دېگەندەك چوڭقۇر بولماسلىق، قوغداش خىزمى-
تى ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىش دې-
گەندەك ئوخشاش سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەر
مەۋجۇد. شۇڭا بىز مەشرەپنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى
ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، خىزمەتتىكى گەۋدى-
لىك مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئەستايىدىل ھەل
قىلىپ، خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەشرەپنى
قوغداش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر، ئۈنۈملۈك، سىجىل قانات يايدۇ-
رۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، مەشرەپنى قوغداش خىزمىتىنى پۇختا، ئۈنۈمـ-
لۈك، ياخشى ئىشلەش كېرەك

مەشرەپنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن
«جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى
تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈلگەنلىكى ھەم خىزمەتلىرىمىزگە
ئىلھام بەرگەنلىك، تېخىمۇ مۇھىمى بىزگە ئىنسانلار ئورتاق
بەھرىمەن بولىدىغان بۇ مۇھىم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قى-
لىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى يۈكلىگەنلىك. مەشرەپنى
«جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلى-
رى تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس سۇنۇشتىن
مەقسەت ئۇنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش ئۈ-
چۈندۇر. بۇگۈن مەخسۇس بۇ يىغىننى ئېچىشىمىز كېيىنكى

باسقۇچتا مەشرەپنى قوغداش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمدى مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ۋە كېيىنكى يىللىق مەشرەپنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا مەشرەپنى قوغداش مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلغانلىقىمىز توغرىسىدىكى تۇنجى لاياقەتلىك دوكلاتنى سۇنۇش ھەققىدە مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك تەلەپنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

بىرىنچىدىن، تۈرنى قوغداش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈرنى قۇتقۇزۇش، قوغداش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئاپپاراتلىرى مەشرەپنى قوغداش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەشرەپنى ئومۇمىيۈزلۈك قوغداش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق قوغداش پىلانىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خىزمەتنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، قوغداش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەشرەپنى قۇتقۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ۋەكىل خاراكتېرلىك ۋارىسلار ۋە ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرىنى تەربىيەلەش، يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ۋەكىل خاراكتېرلىك ۋارىسلار ۋە ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىغۇچى ۋە يەتكۈزگۈچىلەردۇر. شۇڭا ۋەكىل خاراكتېرلىك ۋارىسلار ۋە ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرىنى تەربىيەلەش ۋە يۆلەش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئالاقىدار سىياسەت، نىزاملارنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىتىش، يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەنئەنىۋى بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئوبدان ئىگىلەش، تەتبىقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، مەشرەپكە ۋارىسلىق قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىختىساس ئىگىسىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنىۋى ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەشۋىقات، ئويۇن پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەشرەپ مۇھىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنى ئەنئەنىگە تايىنىش، قائىدىگە ئەمەل قىلىش، ئەلنىڭ رايىغا بېقىش يولى بىلەن پات ـ پات قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا بىلىم ئۆگىنىش، ئادەم بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى بىلىۋېلىش، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. مەشرەپ پائالىيىتىدە ئاساسلىقى ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈشتىن ئىبارەت مەدەنىيلىك روھى نامايەن قىلىنىدۇ، ئۇ شىنجاڭ روھىنىڭ تەلىپىگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. شىنجاڭ روھىنىڭ تەلىپىنى مەشرەپتىن تېپىشقا بولىدۇ، يەنە كېلىپ كىشىلەر مەشرەپنى ناھايىتى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ، مەشرەپ ئادەم تەربىيەلەش، ئوبراز يارىتىش رولىغا ئىگە. ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئاپپاراتلىرى ئەل ئىچى ئەمەلىي مەشرەپ پائالىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرلىنىش دەرىجىسى ۋە قاتنىشىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەشرەپكە دائىر شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولغان تەشۋىقات، ئويۇن پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، مەشرەپنى مەھەللە، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭدا ھەممىلا جايدا دېگۈدەك مەيدان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەشرەپ زامانىۋىلىق بىلەن بىرلەشكەن، ئامما ئالقىشلايدىغان ئەل ئىچى مەدەنىيەت ـ سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى روشەن.

تۆتىنچىدىن، ساقلاش بىلەن قوغداشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئاپپاراتلىرى زامانىۋى رەقەم تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەشرەپكە دائىر تارىخىي ۋە رېئال ماتېرىياللار، ئەل ئىچى ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەش، قوغداشنى كۈچەيتىپ، كېيىنكىلەرگە قىممەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى قالدۇرۇشى كېرەك. ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان مەشرەپنىڭ 31 قىسىم سىن ماتېرىيالى مەشرەپنىڭ پەقەت بىر بۆلىكىدىنلا ئىبارەت، جايلار داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەشرەپلەرنى ئوبدان خاتىرىلەش، ساقلاپ قېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەشرەپنى رەقەملەشتۈرۈش ۋە تارقىتىش قۇرۇلۇشى (سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە كۆپ ۋاسىتىلىك تارقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، مەشرەپنىڭ ھۇزۇرلىنىش ۋە تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.




## ئويغاق ھېسلار

▲ ھەركىمنىڭ بەختى ئۆز قولىدا، قولىدىكى بەختنى پەرۋىش قىلىش يولىدا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دىن ئىبارەت مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمغا ئون يىل بولدى، مەڭگۈلۈك داۋاملاشتۇرغۇم بار بۇ يولنى.

▲ بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۆزى ئىش قىلمايدۇ، قىلغانلارنى كۆرەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان مىتە قۇرتلاردۇر.

▲ مۇتەپەككۇر — جەمئىيەتنىڭ روھ دۇنياسىغا دىياگنوز قويۇپ تۇرىدىغان پىسخىك دوختۇر.

▲ قۇياش نۇرى ھەممىگە ئورتاق، لېكىن ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىنى بالدۇر ئويغانغانلارلا كۆرەلەيدۇ.

▲ ئەركەكلەر مېھنىتى بىلەن، ئاياللار ئىپپىتى بىلەن جەمئىيەتتە يۈزى بولىدۇ.

▲ ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلغانلىق، يەنە بىر ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغانلىق.

▲ مۇھەببەتلىشىۋاتقان چېغىڭىزدا سۆيگۈنىڭىزنى باش ئەگدۈرەلىگىنىڭىزدىن خۇرسەن بولما، توي قىلغاندىن كېيىن «باش ئەگدۈرەلىسەڭ» ئاندىن ھېساب.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، چۈنكى «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ماڭا يەنە بىر «كۆز» ئاتا قىلىدۇ.

▲ ئەسەر — مۇئەللىپىگە قاراپ ئەمەس، مەزمۇنىغا قاراپ باھالانغاندىلا ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋىيىتى تولۇق قانائەت تاپىدۇ.

**باينەزەر ياسىن (تەڭگەتار ئوغلى)**

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاتۇش شەھەر تۇگۇرمىتى يېزىسىدا

## قەلب چېقىنلىرى

▲ نەدە بول زىممەڭگە خالىس يۈك ئارتىپ، دىللارغا تۈرگۈزگىن نۇرانە ئارخىپ.

▲ غۇبارسىز يۈرەكتىن سىرغىغان شېئىر، ۋەزىندۇر جىمىكى تاغلاردىن ئېغىر...

▲ ئۆزاتقۇچە سېنى بۇ جاھان، كىملىكىڭنى قىلغىن نامايان.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئەقىلسىز ئادەم، ماھىيەت جەھەتتە نەسىلسىز ئادەم.

**تەپەككۇر كۆزى**

▲ ماھىيەت جەھەتتە ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچقان ئادەمنىڭ تەسىرى، مەشغۇلىيەتكە قاتناشمىغان ئادەمنىڭ تەسىرىدىن يامان بولىدۇ.

▲ پىتنە - پاسات، غەيۋەتخور ئەل - يۇرت، ئىنسانىيەتكە چۈشكەن مىتە - قۇرت...

▲ كەمچىلىكنى قوبۇل قىلىشى دادىللىق بىلەن، يول تۇتۇشتۇر ھاياتلىقتا ئاقىللىق بىلەن.

▲ بۈگۈنكىگە بولغىنى مەيتۈن، بولماس دېمە: — ئەتەمگە مەلتۈن...

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەربەت)

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 - قورۇدا.

▲ ھۈنىرىڭ بولمىسمۇ، ھۆرمىتىڭ بولسۇن.

▲ بىر مىللەت نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى نوپۇزلۇق كىشىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك.

▲ ئىشچانلارنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق، بىكارچىلار (ھۇرۇن)نىڭ دېيىشمەيدىغان گېپى يوق.

▲ قەدىرلىك دوستۇم تارتىنماڭ، بىر جۈملە بولسىمۇ ئۆزگىچە يىڭى تەپەككۇرلىرىڭىزنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دەك ئېسىل ژۇرنالغا يوللاڭ، چۈنكى سىزنىڭ، مېنىڭ شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ ئاز ھەم ساز تەپەككۇرىمىز يىغىلسا تېخىمۇ زور نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ ئەمەسمۇ.

▲ يەر سەمرىسە باغ بولۇر، مال سەمرىسە ياغ بولۇر، ئادەم سەمرىسە ئۆلۈمگە يار بولۇر.

▲ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ، ئەمما ماكان، زامان شۇ نەرسىنىڭ قىممىتىدىكى ئېگىز - پەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.

▲ سۇ سۈزۈك بولسىلا پاكىز بولۇشى ناتايىن، شۇنداقلا لاي سۇنىڭ پاسكىنا بولۇشى ناتايىن، چۈنكى بىز تۈپراقنى پاسكىنا دېيەلمەيمىز.

ۋەلى ئېلى

---

ئاپتور: پېچان ناھىيە «ج خ» ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى چىقتىم بازار ئۆتتۇرا ئەترىتىدىن.

## سۈزۈك تامچىلار

▲ ئاممىۋى سورۇندا دائىم گېپىڭنى پۈتلايدىغانلار دەل سېنى كۆرەلمەيدىغانلاردۇر.

▲ سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ نەپرەتكە ئايلىنىشى — ئىشەنچ ۋە ئەقىدىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىندۇر.

▲ قىلمىۋاتقان بارچە ياخشىلىقلىرىڭنى ئۆزۈڭنىڭ سۆزلىگىنىدىن كۆرە باشقىلارنىڭ تەبسىي بىلگىنى ياخشى.

▲ ئوغۇل بالا ھەممە ئىشنى قىلىپ باققۇلۇق دەپلا يۈرىدىغانلار — ئوغۇل باللىقنىڭ ئۆلچىمىنى پۇچەكلەشتۈرۈۋاتقانلاردۇر.

▲ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ گەپ تاپماي دېسەڭ گەپ توشۇما.

▲ دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش — ئۆزگە ھەم ئۆزگىگە ئىشىنەلمەسلىك.

▲ باشقىلارنىڭ سېنى ئۇنتۇپ كېتىشىدىن ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلە.

ئوبۇل ئوغلى قەلەمي

---

ئاپتور: قەشقەر قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

## كۆزدىكى ھېكمەت

▲ باشقىلارنىڭ سېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى كۆزگە چېلىققۇدەك بىرەر ئىش قىلالمىغانلىقىڭدىندۇر.

▲ سۆيگىنىڭنىڭ ساڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى سۆزىدىن ئەمەس، كۆزىدىن ئىزدە.

▲ ئىتتىن قورقساڭ ئىتنىڭ كۆزىگە قارىما.

▲ ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولسۇن دېسەڭ، رەقىبىڭنىڭ ئىشلىرىغا «كۆز» قولاق بول.

▲ بۇلاقنىڭ كۆزى قانچە سۈزۈك بولسا، ئۇنىڭغا قول تىقىدىغانلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ زېرەك ئادەملەر كۆز ياشلىرىڭنىڭ ۋەجىنى سۆزۈڭدىن ئەمەس، كۆزۈڭدىن ئىزدەيدۇ.

▲ بىكارچىنىڭ ئاغزى، ئىشچاننىڭ قولى، ئوغرىنىڭ كۆزى جىم تۇرمايدۇ.

▲ سۆزدىن تۇتۇلمىغان ئوغرى كۆزدىن تۇتۇلىدۇ.

**تۇرسۇن تۇردى**

ئاپتور: قاراماي مايتاغ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قوغداش بۆلۈمى.

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ھەر دەۋرنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان كۆزنىكى بولىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ھالدا شۇ دەۋرنى چۈشەنەلمەيدۇ.

▲ جىسىملاردا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئېغىرلىق نۇقتىسى زۆرۈر بولغىنىدەك، ئادەمدىمۇ ھەرقاچان، ھەر جايدا ئۆز مەيدانىدا تۇرالايدىغان ئېغىرلىق نۇقتىسى بولۇشى كېرەك، بۇ ئادەمىيلىكنىڭ يەنە بىر شەرتىدۇر.

▲ ئەگەر سەن دۇنيانى گۈللەرگە تولغان دەپ پەرەز قىلساڭ، تىكەنلەر گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى تەرىپىدىن پۈتۈۋېتىلگەن بولىدۇ. ئەگەر دۇنيانى تىكەنگە تولغان دەپ قارىساڭ، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىمۇ قولۇڭغا سانجىلغان تىكەن ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەستۇر.

▲ ئۆزىدىن گۇمانلىنىش قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق كىشى ھەتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغۇچىدۇر.

**ھۆسەنجان تۇردى**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2011 - يىللىق 5 - سىنىپتىن.

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

▲ ئاچلىقنى شۈكۈر بىلەن يىراق قىلما، خارلىقنى سەۋر بىلەن چىراغ قىلما.

▲ ھەرقانداق زىبۇ - زىننەت شەرم - ھايادىن گۈزەل ئەمەس.

▲ چۈش ئادەم روھىي دۇنياسىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

▲ ئابرۇيى بىلەن ياشاي دېسەڭ يالغانچىلىقتىن خالىي بول.

▲ ساڭا تەقدىر ئىرادە قىلىنمىغان نەرسە پۈتۈن دۇنيا ھەمدەمدە بولسىمۇ ساڭا يەتمەيدۇ.

▲ كىشىنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدىغان سۆزنى ئارقىسىدىمۇ دېمە.

▲ ئۇ دۇنيادىكى ئورنۇڭ بۇ دۇنيادا بار.

▲ ھەق گەپ ئاڭلىنىشقا ئاچچىق، ماھىيەتتە مېۋىسى تاتلىق.

▲ ئىشەنچنىڭ يوقلىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلىششى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇش، دىل قاراڭغۇلۇقىدىن ئەقىل يورۇقلۇقىغا يۈزلىنىشنىڭ ۋاستىلىك قورالىدۇر.

## ھاياتتىكى ھۆكۈمران قەلبلەر

▲ ھاياتتا ھەر بىر نەپسىمىز بىز ئۈچۈن بەخت، باشقا ئىشلار پەقەت ئۆتكۈنچە ھادىسىدۇر. بىزنىڭ يىغا ياكى كۈلكىمىز ھەرگىز مەڭگۈلۈك ئەمەس، شۇڭا كۆڭۈلسىزلىكنىلا ئويلاش ھاماقەتلىك بولىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى چۈشەنسەڭلا باشقا سىرلارغا يول ئېچىلىدۇ.

▲ ئۇسۇل - تەدبىر نەتىجىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ تويۇنۇپ تۇرۇپ يەپ ئالغان پايدىدىن ئاچ قېلىپ ئالغان زىيان ياخشى.

▲ ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىقتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئىززىتىڭنى ئەخلاقىڭدىن ئىزدە.

▲ ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت، قەدرىڭنى بىلمىسە تاشلىۋەت.

**نۇرمەمەتجان مامۇت يەركەندى**

ئاپتور: خوتەن شەھەر غەربىي بېيجىڭ يولى ئۇدۇن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدىن.

## تەپەككۇر تىنىقلىرى

▲ ھاياتلىق — ھايات يۈرگەنلەرگە ئەمەس، ھاياتلىقنى قەدىرلىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

▲ ياشلىق - ياشلىق قىلغانلارغا ئەمەس، ياشلىقنى زايە قىلمىغانلارغا مەنسۇپتۇر.

▲ ۋاقىت — كۈتۈپ تۇرغانلارغا ئەمەس، ئۇنى

چىلىق ئوتقانلارغا مەنسۇپتۇر.

▲ بىلىم — ئوقۇغانلارغا ئەمەس، تىرىشىپ ئۆگەنگۈچىلەرگە مەنسۇپتۇر.

▲ غەلىبە — ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەرگە ئەمەس، بەل قويۇۋەتمىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

▲ دوستلۇق — مەنپەئەت ئالغانلارغا ئەمەس، قەدىرلىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

▲ بايلىق — ئىزدىگۈچىلەرگە ئەمەس، تىرىشىپ ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپتۇر.

▲ ئۆمۈر — ئۇزاق ياشىغانلارغا ئەمەس، ئەھمىيەتلىك ياشىغانلارغا مەنسۇپتۇر.

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ قېرىلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ياشلىقنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قېرىغاندا پۇشايمانغا قېلىشتۇر.

▲ چىراينىڭ سەتلىكى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئەخلاقنىڭ سەتلىكىدۇر.

▲ جىسمانىي مېيىپلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى روھىي مېيىپلىقتۇر.

▲ كۆزنىڭ كورلىقى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى دىلنىڭ كورلىقىدۇر.

▲ پۇلنىڭ ئازلىقى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى بىلىمنىڭ ئازلىقىدۇر.

▲ نامراتلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئاچ كۆزلۈكتۇر.

**مۇھەممەدئىمىن ھەسەن**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە شادلىق دوختۇرخانىسىدىن.

## تەپەككۇر قەترىلىرى

▲ ئەقلى بۇلغانغان كىشىنىڭ قولىدىكى پارقىراق ئالتۇن ئەقلى پاكىز كىشىلەرگە نىسبەتەن كېپەكچىلىك قىممەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

▲ خانىم - قىزلار بايرىمىدا ئەڭ ئاۋات جاينىڭ گىرىم بۇيۇملىرى دۇنياسى ياكى كىيىم - كېچەك شەھەرچىسى بولماي، بەلكى كىتابخانا بولۇشنى ھەر بىر ۋىجدانلىق قەلب ئىگىسى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

▲ گۆشكە تويۇنۇپ بېقىلغان مۈشۈك چاشقانغا يول باشلايدۇ.

▲ ئادىللىق تارازىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان ئەلدە ۋىجدان - غۇرۇرنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

▲ ئۇۋچىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغان كېيىك چۈمۈلىنى كۆرسىمۇ ئۈركۈپ قاچىدۇ.

▲ نەپسىنىڭ ھەقدارى نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا ئامەت ئاپەتكە ئۆزگىرىدۇ.

**ئابلەتجان قادىر**

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ بېسىم ئاستىدا ئۆگەنگەندىن، جاپا ئىچىدە ئۆگەنگەن مىڭ ئەۋزەل.

▲ جەمئىيەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلماسلىق، بىر بولسا بىكار تەلەپلەرنىڭ، بىر بولسا ئارتۇق ھەشەمەتچىلىككە كۆنۈپ كەتكەنلەرنىڭ دائىملىق ھەرىكىتىدۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى روھىيىتىمىزنى پاكلاپ، ئەتراپىقا كۆلۈپ نەزەر سېلىشنى ئۆگىتىدىكەن، ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلغانلارغا دوستلۇق يولى بىلەن رىشتىسىنى باغلايدىكەن.

▲ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم — يېيىش ئۈچۈن ياشاش ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈن يېيىشتۇر.

**مۇھەممەدئېلى زۇنۇن**

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جەنۇبىي مەكتەپ رايونى ساياھەت ئىنستىتۇتى 2008 - يىللىق 2 - سىنىپتىن.

## تەپەككۇردىن تەرمەچلەر

▲ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسى يوق ئادەم خۇددى تۇزسىز تاماققا ئوخشايدۇ، ئادەم ئۆز ھەۋەسلىرى ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى بېيىتىشى كېرەك.

▲ ئايالنى «خانىش»تەك كۆرگەن ئەر «پادى-

شاھ»تەك ياشايدۇ. ئايالنى «دېدەك» ئورنىدا كۆرگەن ئەر ئۆزىمۇ «چاكار»دەك ياشايدۇ.

▲ بۇ يىلقى كالېندار كېلەر يىلغا يارىمايدۇ، مانا بۇ ۋاقىتنىڭ قىممىتى.

▲ باللارنىڭ ئەزىزلىكى — ئۇلارنىڭ سەبىي گۆدەكلىكىدە، ياشلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى — ئۇلارنىڭ جۇشقۇن كۆچلۈكلۈكىدە، ياشانغانلارنىڭ قىممەتلىكلىكى بولسا — مول تۇرمۇش بىلىمى ۋە ئالتۇنغا بەرگۈسىز تەجرىبىسىدە.

**مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن**

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى، خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى كافېدراسىنىڭ مۇئەللىمەسى.

## خىلۋەتتىكى خىياللار

▲ ئېتىقادى ۋە سەممىي — ساداقىتى بولمىغان ئادەم، ئەڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى سېتىۋېتەلەيدۇ.

▲ مەن سېنىڭدىن سۆيگۈ تەلەپ قىلىپ كۆزۈڭگە تىكىلسەم، سەن مەندىن مەنپەئەت تەلەپ قىلىپ يانچۇقۇمغا تىكىلگىنىڭ نېمىسى؟!

▲ توغرا بىر تەرەپ قىلالماسلىق ھامان بىزنى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

▲ ھەرقانچە يېقىن دوستۇڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ماھىيىتىدە نامەردلىك، شەخسىيەتچىلىك بولغان ئىكەن ئۇ ھامىنى بىر كۈنى يۈرىكىڭگە خەنجەر ئۇرماي قويمايدۇ.

▲ تاماخورلۇقۇم كۆچەيگەنسېرى، سەن كۆزۈمگە شۇنچە پىخسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىڭ.

▲ ئېغىزدىن چىقارمىغان گەپنى ۋاقتى كەلگەندە ھامان ئېيتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئېغىزدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتكەن گەپنى بولسا مەڭگۈ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

## تۇرمۇش ئاتا قىلغان ئىبرەتلەر

▲ تاقەت قىلىشقا تېگىشلىك يەردە تاقەت قىلالمىساڭ، ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيسەن.

▲ قۇۋ - مەككارلىق ئالدىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، ئادەمنى مەڭگۈلۈك نادامەتكە باشلاپ بارىدىغان ئاق كۆڭۈللۈكتۇر.

▲ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مەلۇم ئارىلىق ساقلاشنى بىلسەڭ، ئۇزۇن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي ياشيالايسەن.

▲ ۋاقتى - سائىتى كەلمىگەن ئىشنى سەن مىڭ ئالدىرىغىنىڭ بىلەنمۇ ھەل قىلالمايسەن.

▲ ساداقەتسىزلىك، ھامان مەھرۇملۇق بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

▲ ساڭا ھاجىتىم چۈشكەندىلا ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ پەقەت ئېغىزدىكى دوستلۇق ئىكەنلىكىنىلا چۈشەندىم.

▲ بارلىق مۇجمەللىك دەل كۆڭۈلدە ئېنىق سان بولماسلىقتىن باشلىنىدۇ.

**ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا**

ئاپتور: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدا، ئوفىتسېر.

## كەچمىش تۈگۈنلىرى

(بىر ۋە يۈز)

▲ بىر ئادەم پايدىلىق ئىش قىلسا، يۈز ئادەمگە (كۆپكە) نەپ تېگىدۇ.

▲ ئىشنى ۋاقتىدا قىلساڭ بىر ئاتالايسەن، كېچىكسەڭ يۈز ئاتالايسەن.

▲ بىر ئادەم يازىدۇ، يۈز (كۆپ) ئادەم ئوقۇيدۇ.

▲ ئاسماندىكى قاتار غاز بىرسى باشلامچى، قالغان يۈزى ئەگىشەر، بۇزۇلمايدۇ رەت - رېتى.

▲ پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ، يۈز ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر ئادەم قىلىدىغان بولدى.

▲ بىرنىڭ كۈچى بىرچە، يۈزنىڭ (كۆپنىڭ) كۈچى يۈزچە.

▲ ئوخشاپ كەتسە بىر شاختا يۈز ئالما، ئاپەت بولسا يۈز شاختا بىر ئالما.

▲ يېقىن كۆرسەڭ بىر قەدەم، يىراق كۆرسەڭ يۈز قەدەم.

▲ بىرسى كۈلسە يۈزى يىغلايدۇ، يۈزى كۈلسە بىرى يىغلايدۇ.

▲ بىر بولسا: رەقىبلىك بىر دوستلۇق يۈز؛ بىر بولسا: دوستلۇق بىر رەقىبلىك يۈز.

▲ يۈز قېتىم چۈشەندۈرگەندىن، بىر قېتىم ئۈلگە كۆرسەتكەن ياخشى.

▲ يۈز ناداندىن بىر دانا (ئاقىل) ياخشى.

▲ بىر سېسىق ئالما يۈز ئالمىنى سېسىتىدۇ.

▲ بىر كۆڭلۈك غەم يۈز كۆڭلۈك خۇشاللىقنى بېسىپ يوق قىلىدۇ.

▲ بىر قېتىم ئارتۇق كۈلسەڭ، يۈز كۈن ئارتۇق ياشايسەن.

▲ چۆلنى بوستان قىلىشقا يۈز ئادەم كېتىدۇ، گورستان قىلىشقا بىر ئادەم يېتىدۇ.

▲ يۇرت تۈزىكى يۈز ئادەم، يۇرت بۇزۇقى بىر ئادەم.

▲ بىلىملىك بىر قېتىم سۆزلەيدۇ، بىلىمسىز يۈز قېتىم سۆزلەيدۇ.

▲ يۈز يىل بىر ئەسىر، يۈز كۈن بىر پەسىل.

▲ مۇسابىقىدە بىرىنچىلىك تالىشىلىدۇ، ئىمتىھاندا يۈز نومۇر تالىشىلىدۇ.

▲ يۈز قېتىم قۇرۇق ۋەدە قىلغىچە، بىر قېتىم ئەمەلىيەتتە كۆرسەت.

▲ يۈز تونۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەلا.

**ئەركىن سالاھىددىن**

ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، پېنسىيەدە.

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ يار ئالدىدا ئېگىلگەن باش، جاپاكەش ئانا ئالدىدا ئېگىلمەيدۇ. يار ئالدىدا ئېيتىلغان شېرىن - شېكەر تاتلىق سۆزلەر، بىر ئۆمۈر بالام دەپ ياشىغان ئانا ئالدىدا دېيىلمەيدۇ.

▲ تاغقا چىقىش ماغدۇردىن، باغقا كىرىش ھۇزۇردىن.

▲ ھايات ئادەمگە بىر، قەدرىنى مىڭ ھەسسە بىل.

▲ بالىلىق — گۈزەل تاڭدىكى سۈپسۈزۈك بۇلاق.

▲ قۇياش نۇرى چاقنىغان ئاسماندا تۈن - يۇلتۇزلىرى كۆرۈنمەس.

▲ مەينەت نەرسىگە چىۋىن ئولىشار، نادان خەققە ئەخمەقلىق (ئولىشار).

▲ ئېرىنشىش ئۈچۈن بەزىدە ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ خىيالپەرەسلەر ئۆزىنى قۇرۇق خىياللار بىلەن قانائەتلاندۇرسا، غالىبىيەتچىلەر يۈكسەك ئىرادە بىلەن قاناتلاندۇرىدۇ.

▲ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم دائىم باشقىلارنىڭ ياردەم قىلمىغىنىدىن ئاغرىنىپلا يۈرىدۇ.

▲ ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتمىغان ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

▲ ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى پەقەت 24 سائەت، ئەتە بولسا سىزگە يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق پۇرسىتى بېرىلگىنى.

▲ دېھقاننىڭ چىرايىنى قارا دېگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى قارا.

▲ دوستلۇق ھاراقخۇمار بولسا كۆڭلۈك قارىلىشىدۇ، بىلىمخۇمار بولسا كۆڭلۈك نۇرلىنىدۇ.

▲ نىشانسىز ياشىغانلىق — ئۆمرىنى بىھۇدە خوراتقانلىق، ئىزسىز ياشىغانلىق — ئۆلۈكتەك كۈن ئۆتكۈزگەنلىك.

▲ ۋاقىتقا قۇل بولغۇچى مەغلۇپ بولغۇچى، ۋاقىتقا ھۆكۈمران بولغۇچى غەلىبە قىلغۇچى.

▲ گۈلدەك ياشلىقىڭدا، ياشلىق سېۋىتىڭگە گۈلنى كۆپرەك قاچىلىۋالغىن، بولمىسا كېيىن غازاڭ ئىچىدە قالىسەن.

▲ ئاچ كۆز قۇش دانىنى دەپ توزاقتا ئىلىنىدۇ.

▲ تۇرمۇش تاتلىق - چۈچۈمەل بولغانلىقى ئۈچۈن مەنىلىك، بىر خىللا ئۆتكەن ھايات ئادەمنى زېرىكىش تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

▲ مەن چۆللۈكتىكى يانتاق بولۇشقا رازىمەنكى ھەرگىز دەرەخ سايىسىدىكى گىياھ بولمايمەن.

▲ كىتاب ئوقۇش باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھاياتنى باشقىلاردىن كۆپرەك قىممەتكە ئىگە قىلغانلىقتۇر.

▲ باشقىلارنىڭ مېھنىتى بەدىلىگە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم، مەڭگۈ يۈرىكىدىن چىقىرىپ كۈلەلمەيدۇ.

▲ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن يۈرىكىدىن ياش ئاققۇزغان ئەركەك — ھەقىقىي ئەركەكتۇر.

▲ قولغا قەلەم ئېلىپ ئادالەتسىز ئۇرۇشنى توختاتقىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇرۇش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئۇرۇش ئوتىنى ئۆچۈرگىلى بولىدۇ.

▲ قەلەم — ئۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېغىر قورالدۇر.

▲ سەپەرگە چىققاندا يانچۇقۇڭدا پۇلۇڭ بولمىسا مەيلى، ئەمما كاللاڭدا ئەقلىڭ بولسۇن.

▲ بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانچە چوڭ كۆرسەتكەنسېرى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن شۇنچە چۈشۈپ كېتىدۇ.

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ ئەتراپىمدىكى شەيئىلەرگە باشقىچە قارايدىغان بولدۇم.

**ياسىنجان نىياز**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## قەلبىمدىكى يۇلتۇزلار

▲ ئادەم بولۇش قىيىن، ئادەمىيلىك مىزانى بىلەن ياشاش تېخىمۇ قىيىن.

▲ مەنىۋىيىتى قۇرغاقلاشقان ئەلدە دانالارنىڭ ھەق سۆزىنى ئاڭلايدىغان قۇلاق گاس بولۇپ قالىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتچان كىشى ئىشنى ھازىردىن باشلايدۇ، مەسئۇلىيەتسىز كىشى بولسا ئىشنى قاچان باشلاشنى بىلمەيدۇ.

▲ قىزىقىش دوراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دوراش ياتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ياتلىشىش تاشلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تاشلىنىش ئاخىرىدا يوقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئابلەتجان شۈكۈر خۇشچاقچاق**

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنت 2 - مەھەللە 43 - نومۇرلۇق قورۇ، دېھقان.

## دوستلۇق ھەقىقەتلىرىدىن خاتىرىلەر

▲ ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە قول سوزما، قانچە قىلساڭمۇ ئۇ ساڭا مەنسۇپ بولمايدۇ، ئۇ زىيادە ئاچ كۆزلۈك ۋە قۇدۇقتىكى ئاينىڭ شولىسىنى سۈزۈشتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس.

▲ بەسى مۇشكۇل گويا ئايغا چىقىش، قىلىشماس ئۇنىڭدىن ھەتتا يەرگە كىرىش.

▲ كىشىگە جاھاندا ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە خۇلقىغا ماس دوست تۇتماق بەكلا مۇشكۇلدۇر.

▲ ئۇچراشقانىنى دوست تۇتتۇۋەرمە، يېقىنچىلىق قىلغانىنىلا دوستۇم دېمە.

▲ ئەسقاتمايدىغان مىڭ دوستتىن ئەسقاتىدىغان بىر دوست ئەۋزەل؛ مېھرى يوق ساختا دوستنىڭ بولمىغىنىمۇ ياخشى.

▲ ئۆي ياسساڭ ئەخلاقتىن بوسۇغا، مېھرىبانلىقتىن تۈر ياسا، مانا بۇ ئائىلىۋى بەخت.

## ئىچىمدىكى ئۆزلۈك ئاۋازى

▲ ياشاش ئىنسانغا بېرىلگەن ئىمتىياز، قانداق ياشاش ئىنسانلارنىڭ ئالىي ھوقۇقى.

▲ ئىنساننىڭ تەقدىرى كىملىكىنىڭ قوۋۇقىدىن ئۆتكەندە ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

▲ ۋاقىت مېنىڭ ئۆلكەمدە، بۇ مېنىڭ بەختىم.

▲ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كىمنىڭ بولۇشى مۇھىم ئەمەس، پەقەت رىقابەت جەريانىدا كىمنى، نېمىنى، قانداق، نېمە ئۈچۈن ئىپادىلىيەلىشى مۇھىم.

▲ مەدەنىيەتنىڭ تىندۇرمىسى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ تىرىك شەيئى سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىكى مەۋجۇدىيىتىدۇر.

▲ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەت فورماتسىيەسىگە ئاڭ، ئىجادىيەت، گۈزەللىك، ئەخلاق ۋە ئېتىقاد قوشۇلغاندا مۇكەممەل ۋە بۈيۈك مەۋجۇدىيەت شەكىللىنىدۇ.

**ئەمەر ئەمەت**

---

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى ئورمان ساقچىخانىسىدا.

## تۈنجى تەپەككۇر مېۋەم

▲ ئادەم بەزى سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر كۈن ياكى بىر يىل ئەمەس، بىر ئۆمۈر تەييارلىق كۆرۈش لازىملىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىدۇ.

▲ ئۆتمۈشكە نەزەر سالساڭ ئەجدادىڭنى تونۇيسەن، كەلگۈسىگە نەزەر سالساڭ ئەۋلادىڭنى.

▲ باشقىلارنىڭ قايغۇسى بەدىلىگە كەلگەن خۇشاللىق ھامان قەلبىڭنى ئازابلايدۇ.

▲ سۆيگۈنۈڭنىڭ ساداقىتىنى دۈشمىنىڭگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىدىن كۆرۈۋال.

**مۇتەللىپ ياسىن**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ئىنستىتۇتى 2012 ـ يىللىق تەييارلىق 18 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## ئۈمىد ھېكمەتلىرى

▲ ھەققانىيەتسىزلىك ۋە زوراۋانلىق ھامان ئۆزىنى ـ ئۆزى دەپنە قىلىدۇ.

▲ تارىخ گەرچە شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمىسىمۇ، ماھىيەتلىك ئورتاقلىقلار بىلەن تولغان.

▲ ئاقىۋىتىمىز ھامان ئۆزىمىز تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە كىشىلىك پەزىلىتىنى جۇلالاندۇرۇپ، يۈكسەكلىكلەرگە يېتىشكە تۈرتكە بولالىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

▲ بىر مىللەتكە نىسبەتەن تالاي پۇرسەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشى ئالاھىدە بىر خىل سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان سەرخىل روھىي بايلىقلىرىنى كۈچ ۋە مەنبە قىلىپ يۈكسەك مەنىۋى تۈۋرۈك ھاسىل قىلالمىغانلىقىدىن بولىدۇ.

▲ ئالدى بىلەن يۈكسەك مەنىۋى ئىگىلىك تىكلىيەلىگەن مىللەتلەرنىڭلا كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئىگىلىكى بولىدۇ.

▲ بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتنىڭ روھىيەت تارىخى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن يىلتىز تارتالمىسا، ئاللىقانداق ئىلغارلىق ۋە زامانىۋىلىق ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ.

▲ بىر دۆلەتنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىگە باغلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ ساپاسىغىمۇ باغلىق.

▲ ئۆزى قىلمىغان ئىشنى باشقىلارغا قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ «دانا» بولۇۋالىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، «نادان ئەلدە موللا تولا» دېگەن ھېكمەتنى چۈشەندىم.

▲ ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ كەسكىن قاينىمىدا مەۋجۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەقدىم قىلىش تەخىرسىز زۆرۈرىيەتتۇر.

▲ بىر ئادەم قانچىكى ئىنسانپەرۋەر بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

▲ ئىنسانلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەخت ۋە خۇشاللىق ئۇلارنىڭ دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى دەۋر ئالدىدا مېڭىش بىلەن ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

▲ ئىنسانلار دۇنيادا ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنى سۆيۈشتۇر.

▲ تىرىشىپ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى سۆيۈۋاتقان كىشىلەردۇر.

▲ ئارزۇيىڭنىڭ قانچە ئەمەلىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلمىساڭ پۇشايماندىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن.

▲ بىر ئادەمنىمۇ ۋە بىر مىللەتنىمۇ ئوخشاشلا باشقىلار باھالايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئەزەلدىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلار ئارقىلىق تونۇيدۇ.

▲ ئوقۇتۇش بىلەن تەربىيەنىڭ ئايرىۋېتىلىشى ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈۋېتىدۇ ياكى يوققا چىقىرىدۇ.

▲ ھەرقانداق خەلقنىڭ يولى ئۇلۇغ كىشىلىرىنىڭ تەپەككۇرىدىن باشلىنىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي ئاڭغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇنمىغان ئوقۇتقۇچى ئۆز قىممىتى ۋە سالاھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

▲ پېداگوگىكا ئالدى بىلەن ئادەمنى ھەر تەرەپلىمە، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس تەربىيەلەشتۇر.

▲ تۈگۈن قانداقتۇر قائىدىلەرنى ئۆگىنىشتە ئەمەس، بەلكى شۇ قائىدىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىلمىي ئاساسلارنى ئۆگىنىشتە.

▲ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ مۇشەققەتلىرىنى مۇستەقىل يەڭگەندىلا تەربىيەلەنگۈچى بەخت ۋە ئەركىنلىكنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

▲ بالىلار ئۆزلىرى يېڭەلەيدىغان ۋە يېڭىدىغان قىيىنچىلىقلار ھەققىدە تەربىيەلەنگەندىن باشقا بۇنداق تەجرىبىلەر مۇمكىنچىلىكى بىلەن تەمىنلىگەندىلا تەربىيە ئۆز ماھىيىتىنى تاپقان بولىدۇ.

▲ تەربىيەلەنگۈچىلەر مەجبۇرىي ھالدا تەربىيەلىگۈچىلەرنىڭ خاھىشىغا سۆرەپ كىرىلسە، ئۇ ھالدا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ شەخسىيىتى مۇقەررەر ھالدا بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ ياكى ئۆزىدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ.

▲ ئۈزلۈكسىز مېھنەت جەريانىدىلا ئادەم ئالىيجانابلىشىدۇ ۋە مۇكەممەللىككە يۈزلىنىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك بىلدۈرگۈچى ۋە ئاتا قىلغۇچى مېھنەتتۇر.

▲ ئىزگۈ ھەرىكەتلەر ھامان ئىزگۈ سۆزلەردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق ۋە كۈچلۈكتۇر.

▲ مەقسەت تەربىيەلەنگۈچىلەرنى مەڭگۈ ئۆزىنى يېتەكلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشتىن باشقىچە بولمايدۇ.

▲ ئۆز ھاياتىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى توغرا قىلالايدىغان قىلىش — مانا بۇ تەربىيەنىڭ مەقسىتىدۇر.

**ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد**

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ.

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ مەينەت كىشى شەيتاننىڭ ئاشىقى ياكى مەشۇقىدۇر.

▲ مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر يۈزىنىمۇ چالا يۇيىدۇ.

▲ دۇنيادا ماتەمنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ماتەمنىڭ ئەڭ يامىنى ۋىجدانىغا يۈز كېلەلمەسلىك.

▲ مەن ھەرگىزمۇ خەلقىمگە زۇلۇم سالمايمەن، مەن ئۆلگەندە جەسىتىمنى يۇيىدىغانلارمۇ، كۆتۈرىدىغانلارمۇ، كۆمىدىغانلارمۇ يەنىلا شۇ خەلقىم.

▲ قەلبى ھەقىقەتەن گۈزەل ئادەملا چاقچاق قىلىش ۋە چاقچاق كۆتۈرۈشنى بىلىدۇ.

▲ ئېينىشتېين مېنىڭ پەزىلەت ئۆلگەم، ئەسلى ئۇنىڭدا باشقىلارغا يامانلىق قىلىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

**ئەكبەرجان ھۇسەيىن**

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى 2012 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 - 2850601

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

# هاراق(5)



(ھېكايە)

مايمۇننىڭ ئادەم بولمىقى مىڭ يىلچە يىراق،
ئادەمنىڭ مايمۇن بولمىقى بىر رومكا هاراق.
— ھېكمەتلەردىن شىڭگىل

مېنىڭ ئىرادەم شۇنداق بوشمۇ ياكى هاراقنىڭ مېھرى شۇ دەرىجىدە چوڭقۇرمۇ، هاراق دېگەن نىجىسنى زادى ئىچمەيمەن دەپمۇ ئۇنىڭدىن يەنىلا قۇتۇلالمىدىم. هاراق ئاتلىق جىن چاپلىشىپ قالغاندەكلا، مەڭلاپ تۇۋا قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، هاراقنى زادى ئىچمەسلىككە قەسەم قىلسامۇ، بىراق پېشانەمگە ئەبەدىيلىك پۈتۈلگەندەك ھاراقنىڭ كۆرۈنمەس كۆلەڭگىسى خۇددى ئەرۋاھلاردەك مەندىن نېرى كەتمىدى.

گەرچە ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دوستىمىز قاسىمنىڭ ئۆلۈم پەتىسىدە، يولۋاسلارنى كۈتىمىز دەپ، رېستوراندا راسا قايناپ، ئۇنىمۇ ئاز دەپ خۇددى مۇشۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىدىغاندەكلا جەڭگە - جېدەل قىلىشىپ، چۆجە - خورازلاردەك ھۆرپىيىشىپ، «ئانا - ماناڭنى!» دېيىشىپ سەت تىللاشقىنىمىز، ئاخىرىدا سورۇندىن ھەيدەلگەندەك، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، «خەپ!» دەپ ئۆزۈم يالغۇز يۇلتۇزلارغا ھەمراھ بولۇپ تولىمۇ غەش ھالدا قايتىپ كەلگىنىم ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە.. مېنىڭ سۆيۈملۈك «خورەكچى» ئايالىمنىڭ: «مەن سىزگە نېمە دېدىم، ئادىتىمىزگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەڭلا، بۇ دېگەن ئۆلۈم، هاراق ئىچمەڭلا دېسەم، مەيدىڭىزگە مۇشتلاپ، يوغان ۋەدىلەرنى بېرىپ كېتىۋاتاتتىڭىز، ئەمدى نېمە بولدىڭىز؟ قېنى ماش يېگەن خورازدەك گىدىيىپ ماڭغان نوچىلىقىڭىز؟ ئەجەب چىرايىڭىز بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، هاراقنىڭ سېھرىي كارامىتى بىلەن سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك سالپىيىپ قايتىپ كەيسىزغۇ؟!» دېگەن ئاچچىق تەنىلىرىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ھازاغىچە گەپ تەگىشىپ، قىزىرىشىپ قالغىنىممۇ هازىرقىدەك يادىمدا. ئىچ پۇشۇقى يامانكەن، ئۇ سېنىڭ يۈرىكىڭنى چاشقاندەك غاجاپ پەقەتلا ئارام بەرمەيدىكەن. ئاشۇ بىئاراملىق ئىچىدە سەن يەنە سىرتقى دۇنيادىن خۇشاللىق ئىزدىگۈڭ، نېمىلەرنىدۇر قىلىپ كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرغۇڭ كېلىدىكەن. شۇ ئىشلار بولۇپ، بۇ گەپلەر تولا تەگلىپ، قۇلاق - مېڭەمنى يەپ كەتكەچكە، بارا - بارا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئارىلاپ ئىچىدىغان بولۇپ قالدىم. خوتۇنۇمنىڭ خورىكى بولسا بۇرۇنقىدىن

تەرەققىي قىلىپ، خىيال سۇرگەندىمۇ خورەك تارتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن «پىت قولتۇقتىن چىقىدۇ» دېگەندەك ئۇنىڭغا «خورەك شاھى» دېگەن چىرايلىق لەقەمنى ئاتا قىلىپمۇ ئۇلگۇردۇم. بۇ لەقەمنى ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئوچۇق - ئاشكارا دەۋەرگەچكە، ئايالىممۇ مەن بىلەن دەل تۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا مەن بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولدى. مانا بۈگۈنمۇ «خورەك شاھى»نىڭ غوتۇلداشلىرىغا قارىماي قاتار چاي ئولتۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلغانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھال - مۇڭ بولغىدەك يەرمۇ قالمىغان تۇرسا، نېمە دەپ ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرغىدەكمەن؟!

ئالتۇن تارتقان تارازىڭدا، يامبۇ تارتايمۇ،
كەلمەي - كەلگەنىڭگە ئۆزۈمنى ئاتايمۇ...

سورۇن ئەۋجىگە چىققانىدى، بۈگۈن سورۇن قىلىش نۆۋىتى ئەينىدىنگە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئارىمىزدىكى «مەشھۇر ئويۇنچى» بولغاچقا، سورۇننى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. سورۇندا ھەممە نەرسە تەل بولغىنىغا قارىماي، «رەڭلىك»لىكىمۇ ئادەمنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلاتتى. مەن بىر نەچچە رومكا ھاراقنى ئارقا - ئارقىدىن ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، شوخ دۇتار ناخشىسىغا ئالدىنقى قېتىمقى سورۇندا تونۇشۇپ قالغان پەرىدە بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا چىقىشىپ قالغان، ئاز - تولا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقانمۇ ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت بولسىلا خۇپىيانە ئۇچرىشىپ تۇردۇق. ئىككى رومكا ھاراق ئىچىپ قالغان كۆڭلۈم ئۇنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم... بىز خۇددى تونۇشقىلى ئۇزاق بولغان ئاشىق - مەشۇقلاردەك كۆزلىرىمىزنىڭ ئۇچىغا قارىشىپ، قوللىرىمىزدىن قاس چىقىرىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايتتۇق. مەن بىر ياقتىن ئۇسسۇل ئويىنىغاچ، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىدىن، تولۇن ئايدەك رۇخسارىدىن ھوزۇر ئالماقتا ئىدىم: خوتۇنۇمغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە گۈزەل، بەكلا شوخ، جەلپكار، ئاشۇ بىر تۇتاملا كەلگۈدەك بەل، بەئەينى قوناق گوڭگىسىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان كۆكسى... يەنە تېخى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلىدۇ... ئەمما ئۆيدىكى خورەكچى خوتۇنچۇ؟ ئىككى ئېغىز شېرىن گەپ قىلىشنى بىلمىگەن، ئەتىدىن - كەچكىچە كوتۇلداپ، ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، ھەي، مۇشۇ پەرىدەم بىلەن... بىردىنلا چېلىنغان چاۋاك خىيالىمنى بۆلدى، مۇزىكا توختىغانىدى. ئورۇنلىرىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ مۇزىكا تۈگەپ قالدىكەن دېسە ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ! تازا قىزىغان، پەرىدەگە ئىنتىلگەن خىيال كەپتىرىم مۇھەببەتلىك قاناتلىرىنى ئەمدىلا يېيىپ، يىراق سۆيگۈ مەنزىلىگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، مەن بىلەن قېرىشقاندەكلا...!

— مەن سىز بىلەن بىر قەدەھ ئىچەي، — خۇددى مېنىڭ نىيىتىمنى خىيال قىلغىنىمنى بىلىپ قالغاندەك، پەرىدە ئۆزىنىڭ نۆۋىتىدە قىزىل ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈپ، يېنىك قەدەم ئېلىپ تەبەسسۇم ئىچىدە ئالدىمغا كەلدى.

— ئەستا ئادەمنى بەكلا خىجىل قىلىپ... ئالدىڭىزغا باراتتىم ئەمەسمۇ، — مەن ئالدىراپ - تېنەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ھولۇققۇنۇمدىن رومكىدىكى ھاراقمۇ تۆكۈلدى.

— سابىر نېمە قىلىۋاتىسەن ئاداش، ئەجەب ھولۇقۇپ كەتتىڭ، قاۋۇل دات دېگەن شائىر دوستىمىز گەپ قىستۇردى، — مانا، مانا ئاجايىپ بىر گۈزەل كۆرۈنۈش، مۇشۇنداق دەقىقىنىڭ ئۆزىمۇ سابىر ئاغىنىمىز ئۈچۈن بىر بەخت، — قاۋۇل دات بىر خىل قول ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاشۇ گەپلىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى، — ھوي ئەينىدىن سابىرنىڭ رومكىسىغا لىق ھاراق قۇي، ئىلھام كېلىپ قالدى، مەن ئىككىسىنىڭ سوقاشتۇرۇپ ئىچمەكچى بولغان شەرپىگە، بولۇپمۇ پەرىدەنىڭ ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان جاسارىتىگە بىر شېئىر ئوقۇيمەن!

— ياخشى گەپ بولدى، قېنى ئوقۇ شائىر دات!

— مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇمىغان شېئىرنى شېئىر دېگىلى بولامدۇ؟

— ئەمىسە باشلىدىم، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار:

جۈپ تۇرنا يانمۇيان تۇرغان كەبى،
ئىچىشكە تەييار بولدى قەدىناسلار.
ھاراقنى يەكتا ئىچىش جايىز ئەمەس،
تەبرىكلەيلى چاۋاك چېلىپ قېنى دوستلار.

— ئالامەت شېئىر بولدى، خۇددى ئىككىسىگە نىكاھ ئوقۇغاندەكلا - ھە! — ئالقىش چاۋاكلىرى ئىچىدە ئارىدىن بىرەيلەن شۇنداق دېدى، — شېئىرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىككەيلەن يەنە بىر رومكىدىن سوقۇشتۇرسۇن، بۇ قېتىم

بىلەكلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىچسۇن، قانداق دېدىم كۆپچىلىك؟!

— بۇ تەلەپ بولىدىكەن، دېمىسىمۇ شائىر ئوقۇغان شېئىرنىڭ ھۆرمىتى بولسۇن - دە، چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان ئاشۇ شېئىر ئۈچۈن ئۇلار يەنە بىر قەدەھتىن ئىچىشى كېرەك، ھەممەيلەن قارشى ئالايلى!

قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە پەردە بىلەن ئىككىمىز خۇددى يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەردەك يەنە بىر رومكىدىن قايچىلاشتۇرۇپ ئىچمەكچى بولدۇق. بىلەكلىرىمىز ئۆزئارا ئالماشقاندا يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ، تۇرۇپلا نەپىسىم توختاپ قالغاندەك، بىر ئىللىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ، كۆز ئالدىمدا پەردىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك تۇيۇلدى. پەردىنىڭ ئاشۇ ئىنچىكە ئاپپاق بىلەكلىرىدىن قوپال بىلەكلىرىمنى ئاۋايلاپ ئۆتكۈزدۈم. ئاجايىپ بىر بەختىيارلىق، تاتلىق سېزىم ئىچىدە بۇ بىر رومكا ھاراقنى ئىچىش ئالدىدا تۇراتتىم، مۇشۇ پېتى مەست بولۇپ كەتمىسەم بولاتتى ئىلاھىم.

— ھۇ نومۇسسىزلار، ئۆزىنى بىلمەيدىغان بۇزۇقلار، مۇشۇمۇ ئادەمنىڭ قىلىقى بولدىما؟! — توساتتىن ئايرىمخاننىڭ ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلىپ، ھازىرلا پارتلايدىغان قەرەللىك بومبىدەك «خورەك شاھى» چوڭ - چوڭ دەسسەپ، غەزەپلىك كىرىپ كەلدى، مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. بەلكى دەقىقە قېتىپ قالغاندىمەن، جاھان مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندۇ... ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قولىدىكى رومكا ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى... ئايالىمنىڭ بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلگىنىگە زادىلا ئەقلىم يەتمەيتتى، چوقۇم بىرسى ماڭا قىلتاق قويغان گەپ...! ئارىدا بولۇنغان سەتچىلىكنى، ئايالىمنىڭ پەردىگە ئەسكىلىك قىلىپ مەندىن تاياق يېگىنىنى، بولۇپ كەتكەن رەسۋاچىلىقنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە! سورۇنمۇ جېدەلنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ناھايىتى مەززىسىز تارقالدى...

شۇ ئىشتىن كېيىن، ئايالىم مەن بىلەن كۈندە جەڭگە - جېدەل قىلىدىغان بولدى. مەنمۇ ئاچچىقىمدا بەزىدە ئۆيگە كىرمەيدىغان، ئۆزۈم خالىغان يەرلەردە يۈرىدىغان بولدۇم. بىر يىل سۆرۈشۈپ يۈردۇق. ئاخىر ئايالىمنىڭ بىر كۆزىنىڭ ئەترايى قاتتىق تەگكەن شاپىلاقتىن ئاۋۋال كۆكىرىپ، ئاندىن قارىدىغاندا، ئەمدى نىكاھنىڭ ئەجىلى توشقىنىنى، مۇناسىۋىتىمىزنىڭ پىشىپ قالغىنىنى ھېس قىلغان «خورەك شاھى» ئاجرىشىشقا قوشۇلدى. توۋا، شۇنچە بېشىم قېتىپ، خوتۇندىن قانداق قىلسام ئاجرىشامەن دەپ ئويلايتتىم، ئەسكىلىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن مىڭ بالالىقتا، دېگىنىنى بېرىپ ئاجرىشىۋالدىم.

— سىز مۇرادىمغا يەتتىم دەپ، ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭ، ھېسابى بار جاھان بۇ! — ئايالىم ئاجراشقان كۈنى تۇيۇقسىز ئاخىرقى قېتىم تەربىيە بەرگۈسى، سۆزلىۋالغۇسى كەلگەندەك بوغۇق ئاۋازى بىلەن دېدى، — كۈنلەر ئۇزۇن تېخى، كۆرىمىز، ئاشۇنداق بۇزۇقلارنىڭ نېمىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ كۆز يېشىم ھەرگىز بىكارغا ئاقمايدۇ، قاراپ تۇرۇڭ سابىر، سىزنىڭ ھامىنى بىر كۆرگىلىكىڭىز بار...! مەن ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشنى خالىمىغاچقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، سۆزلىسە سۆزلىمەمدۇ، چىدىمىغان گەپ!

كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلگەندى، ئۇياقتىن ئاجرىشىپلا خورەكچى ئايالىمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ، بۇ ياقتىن پەردە بىلەن توي قىلىۋالدىم. ھاراق ئىچمەيمەن دەپ نىيەت قىلساممۇ، بىراق پەردە بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىمغا مۇشۇ ھاراق سەۋەب بولغاچقا، ھاراققا ئۇ دەرىجىدە ئۆچلۈك قىلىپمۇ كەتمەيتتىم. ھېلىقى چاغدىكى قايچىلاشتۇرۇپ ئىچىشلەر كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى، بەلكىم شۇ قېتىمقى سورۇندا سالا - سۇلھى بىلەن ھاراق ئىچىپ، ھېلىقىدەك رەسۋاچىلىقلار بولمىغان بولسا، پەردىدەك بۇنداق نازىنىن چوكان بىلەن تونۇشالماي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. پەردىنىڭ خورىكىمۇ يوق، ماڭا «دەرس» ئۆتۈپمۇ يۈرمەيدۇ، ئۆزى خۇش چاقچاق، رومانتىكىغا باي، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلىدۇ، مۇھىمى مېنى ھاراقتىن، ئويۇن - تاماشىدىن چەكلەپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتۇق غەلۋىسى يوق، ئۆزىمۇ خالىغان چاغدا ئويۇننى تېپىپ ئوينىيالايدۇ، ئىلگىرىكى خوتۇنۇمدەك ئايىغىنى رېمونت قىلدۇرىدىغان ئىش بولسىمۇ بىرگە بارىلى دەپ تۇرۇۋالمايدۇ. ئۆزۈمنى خۇددى قەپەستىن چىققان قۇشتەك خېلى يەڭگىل ھېس قىلىپ، ئائىلىدە ئاخىر بىر تىنچ مۇھىتقا ئېرىشىپ، كۆڭلۈم ئارام تاپقاندەك بولدۇم. دېمىسىمۇ

ئەرلەر ئۈچۈن ئائىلىدە خۇشاللىق تېپىشمۇ بىر بەختتە،
يەنە كېلىپ بۇ خۇشاللىق خوتۇندىن كېلىدىغان گەپكەن!
بىراق پەردە هاراقتىن توسىمىغان بىلەن، يۈرىكىمنىڭ
دەردى بولغاچقا، مەن يەنىلا هاراقنى ئىمكان بار ئىچمەي
ياكى ئاز ئىچىپ كېلىۋاتاتتىم. مەن گەرچە ئۇ دەرىجىدە
شاتىراق بولمىساممۇ، بىراق مۇشۇ هاراقنىڭ سەۋەبى بىلەن
ئاسادىيىي ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يەنە بىر «پەردە»
بىلەن تونۇشۇپ قېلىشتىن ئېهتىيات قىلاتتىم. هاراق دېگەن
ئادەمنى هەر ئويغا، هەر كويغا سالىدىغان، هەتتا ئىرادىسى-
گە خىلاپ ئىشلارنىمۇ قىلدۇرىدىغان كارامەتكە ئىگە يامان
نەرسە ئەمەسمۇ!

• • • •

ئويۇن - تاماشا دېگەن مانا مۇشۇنداق بولۇپ تۇرسا
دەيمەن. يىراق يۇرتتىكى ئاغىنىلەر تەكلىپ قىلغان ئىكەن.
يولۋاسنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئىلگىرىكى هاراق سورۇنىدا
ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى ئويلاپ، بارماسلىقنىڭ قازىنىنى
ئاسقاندىم. ئەمما ئەيىندىن: «ئاداش، ئوغۇل بالا دېگەن
ئاداۋەت ساقلىسا بولمايدۇ، تەكلىپ قىلغاندىكىن بارما-
سەن» دەپ بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىنلا بېرىش-
قا قوشۇلدۇم. بۇ قېتىمقى سەپەرگە چىقىدىغان ئىشتىمۇ، پە-
ردە ماڭا ئاق يول تىلەپ، خاتىرجەم ياخشى ئويناپ كېلە-
شىمنى ئېيتتى. كۆيۈمچان خوتۇن دېگەن مۇنداق بولما-
دۇ! ئەگەرچەندە خورەكچى خوتۇنۇم بولىدىغان بولسا،
بىر تاغار بولمىغۇر گەپلەرنى دەپ، دىققەت قىلىشقا تېگىش-
لىك بەلگىلىمىلەردىن بىر مۇنچە ساۋاق بېرىپ، ئادەمنىڭ
كەيپىنى ئۇچۇرۇپ، كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇققا ئېچىلغان دەرۋا-
زىسىنىمۇ ئېتىپ قويغان بولاتتى.

— هوي قارى، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىلا؟ سىلىگە
نۆۋەت كېلىپ قالدى، قېنى شارابى ئەنتۇرادىن بىر رومكا
ئويناپ قويسىلا، — هاراق هەققىدە، توغرىراقنى دېگەن-
دە قانداق قىلىپ هاراق ئىچمەسلىك، قانداق باهانە كۆر-
سىتىش، مۇشۇنداق زەهەردەك ئاچچىق هاراقنى نېمىشقا
دوستلۇق ئۈچۈن ئىچىدىغانلىقىمىز هەققىدە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇراتتىم. يېنىمدا ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ نوقۇشى بىلەن
خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— خاپا بولماڭ، مەن، مەن... — هۆرمەت يۈزىسى-
دىن، ئۇڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ، دەرهال ئورنۇم-
دىن تۇردۇم.

— بىلىمەن، ئاق هاراق ئىچمەيتتىم دەڭ، شۇنداق-
مۇ؟ ئەمما مەن سىزگە دېسەم، بۈگۈنكى بۇ سورۇندا
قىزىل هاراق قويۇلمايدۇ! — يولۋاس ماڭا كۆزلىرىنى
چەكچەيتىپ تۇرۇپ دېدى، — ئەمدى مېهماندارچىلىق
دېگەن مۇشۇنداق ئۆزگىرا بولىدۇ، ئۆتكەن قېتىم سىزنىڭ
كۆڭلىڭىزگە كېلىدىغان ئىشلار بولۇپ قالدى، مەستلىكتە
قالايمىقان سۆزلەپ قاپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ، بۇ سىزگە
تۇتقان ئۆزرە چىيىم بولسۇن. ئۇ ۋاقىتتا بىز سىلەرگە
مېهمان ئىدۇق، ئەمدى هازىر سىلەر بىزگە مېهمان.
مېهمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش كېلىدۇ. ئاغىنى-
مىز قاسىمنىڭ يىل نەزىرىسىمۇ ئۆتۈپ بولدى، ئەمدى قا-
رىلىق تۇتۇشىمۇ هاجەتسىز، — يولۋاس چايدىن بىر ئوتلى-
ۋېتىپ داۋام قىلدى، — مۇنداق بولسۇن، بىزدە هاراق
ئاغزىغا تەگسە بولدى قىلمايدىغان، سورۇندىن ئېغىناپ
چىقىپ كەتمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىغان يامان ئادەت بار،
مەنمۇ بۇنداق قىلىقنى ياقتۇرمايمەن، ئەمما بىرەر - ئىككى
رومكا قېقىپ قويسا هاراقمۇ زىيانلىق ئەمەس، قايتا زورلى-
مايمەن، شۇڭا مۇشۇ دەسلەپكى بىر رومكىنى...

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى تەڭلىكتە قويماڭ، مەن
راستىنلا بىر رومكىمۇ هاراق ئىچەلمەيمەن، — مەن كەس-
كىنلىك بىلەن رەت قىلدىم. زورلاپ ئىچۈرۈش، باشقىلار-
نىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالدۇرۇش بىزنىڭ هازىرقى
زاماندىكى مودا هاراق ئىچىش رىسالىمىز بولسا كېرەك.
مېنىڭ كۆپىنچە سورۇنلارغا بارماسلىقىمدىكى سەۋەبمۇ
دەل مۇشۇنداق هاراق زورلاشتىن قېچىش ئىدى. بۇ قېتىم
ئەيىندىن، يولۋاسلارنىڭ قاتتىق تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغان-
لىقىنى، بۇمۇ يولۋاس بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ئاداۋەتنى
يۇيۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا دەپ
تۇرۇۋالغاچقا كەلگىنىمگىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. ئەمە-
لىيەتتە مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىممۇ هەرگىز ئويۇن - تاماشا
ئۈچۈن بولماستىن، بۇ يۇرتتا تارىخي مەدەنىي يادىكارلىق-
لارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ئىدى. گەرچە ئۆزۈم بىر تىجا-
رەتچى بولساممۇ، هەۋەسىم بويىچە مۇشۇ هەقتە بىر تەتقى-
قات ماقالىسى يېزىۋاتقان بولۇپ، مۇشۇ باهانىدە ئازراق
خام ماتېرىيال توپلىۋېلىش مەقسىتىمۇ بار ئىدى. بىراق
يولۋاس بۇ تەلىپىمنى ئاڭلاپ، كېلە - كەلمەي باشقا گەپلەرنى

دېيىشمەيلى، ھاردۇق چىققاندا مەن ئۆزۈمۈ باشلاپ باراي، دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى. مانا رېستوراندا يولۋاسلارنىڭ تىلى بويىچە بوتۇلكا ئاتلىرىغا مىنىپ، رومكا قوراللىرى بىلەن «ھاراق جېڭى»گە يۈرۈش قىلماقتا ئىدۇق.

— مەن پەقەت بىر رومكىلا دەۋاتىمەن، — يولۋاس سەل نارازى بولغاندەك قىلاتتى، — ناۋادا مەرھۇم ئاغىنەمىز قاسىم بولىدىغان بولسا ھەرگىز بۇنداق تىماق تاتلاپ ئولتۇرمايتتى، سورۇن دېگەندىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى، ئىچىپ تۇرغان، ئويناپ تۇرغان، يۇمۇر دېگەننى سۆزلەپ تۇرغان، بىباھا ئاغىنىمىزتى، ئىست، ئۇ ئارىمىزدىن تېزلا كېتىپ قالدى! ھە راست، — يولۋاس بىر نەرسە ئېسىگە كەچكەندەك تۇرۇۋالدى، — خەۋەرسىز قاپتىمىز، ئاڭلىساق توي قىلىۋاپسىز، مۇبارەك بولسۇن، خوتۇن دېگەننىمۇ كونىرىغاندا كىيىم - كېچەكنىڭ ئورنىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان نېمە، ئۇ ۋاقىتلىداق خوتۇننى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىڭىزمۇ تەبرىكلىگىدەك ئىش بوپتۇ، شۇنىڭ ھۆرمىتىگە قېنى بىر رومكا ئىچىپ قويۇڭ، — يولۋاس توينى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئەتەي «تويغا بىزنى نېمىشقا ئېيتمايسەن؟» دېمەكچى بولغانىدى.

— قانداق گەپ بۇ، كەلگىچە نېمە دېگەنتىڭ؟ ئەمدى جەممەدە ئولتۇرسەنغۇ؟ — مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئەيىندىنگە قاراپ ئامالسىز مۇشۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىراق ئۇ بەئەينى ماتاڭ چىشلىۋالغاندەك، مۆرىسىنى چىقىرىپ جەممەدە ئولتۇرىۋەردى. قاۋۇلداتقا قارىسام ئۇ خۇددى ئۈچ كۈن ئاچ قالغان ئادەمدەك، ھەدەپ بىر نېمىلەرنى يېگىلى تۇرۇپتۇ.

— سىز ئىچمەيمەن دەيسىز، ئەمما مەن دوستلۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ ئىچىۋاتىمەنمۇ، سىز نېمىشقا ئىچمەيسىز؟ — باياتىن ھاراقلا ئىچىپ، ھېچقانداق گەپكە ئارىلاشماي جەممەدە ئولتۇرغان، شەپكىسىنىڭ چېكىلكى پۇرلىشىپ خۇددى ۋېلىسىپىتنىڭ ئېگەلىپ كەتكەن قاسقىنىدەك بولۇپ قالغان، ئاق سېرىق، 50 ياشلاردىكى بىرەيلەن تۇيۇقسىز گەپ قىستۇرۇپ، چوكورۇپ كىيىۋالغان شەپكىسىنى بېشىدىن ئالدى، — مانا بېشىمغا قاراڭلا، مەن دوستلۇقنى دەپ، دوستلۇق ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىپ، مەردلىك بىلەن ئىچىپ، مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالغان، ھېلھەم چاتاق يوق، «بۇدۇكتەي» ئىچىپ ئولتۇرۇۋېتىمەن، بىراق بۇ ئىنىمىز ياش تۇرۇپلا... ھەممىدىلەن بۇ ئادەمنىڭ بېشىغا قارىدۇق، ياپىرىم، بۇ ئادەمنىڭ بېشىنىڭ يېرىمىدا باش سۆڭىكى يوق بولۇپ، خۇددى نېپىز يالتىراق خالتىغا قاچىلانغان قېتىقتەك لىغىرلاپ تۇراتتى. قورقۇنچتىن تېنىم بىردىنلا شۈركەندى، ئۆمرۈمدە بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ ھايات ياشاۋاتقىنىغا، يەنە تېخى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغىنىغا بەكمۇ ھەيران قالدىم.

— بولدى ئۇستام، تۇماقلىرىنى كىيىۋالسىلا، يىگەن - ئىچكەننى ياندۇرۇۋەتمەيلى يەنە، — ئارىدىن بىرەيلەن قىزىقچىلىق قىلغاندەك چاقچاق ئارىلاش دېدى، — ھەيران قالارلىقكەن، سىلە نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قاللا؟

— ئۇكىلىرىم، بېشىمدىكى تۇماق ئەمەس شەپكە، قاراپ سۆزلەڭلا دەيمەن، — بۇ ئادەم خۇددى ياخشى ئاڭلاڭلار دېمەكچى بولغاندەك، ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ دېدى، — مېنىڭ ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمىم بۇزۇر، ھاياتلا بولسام ھاراق ھەم قىزلاردىن سۆرىمەن ھۇزۇر، — ئۇ شەپكىسنى چوكۇرۇپ كىيىپ، ئۆزىنىڭ ئاھاڭدار سۆزلىگىنىدىن مەززە قىلىپ كۈلدى، گويا بۇ ئادەم بىلەن تەڭ كۈلمەكچى بولغاندەك، تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ كىيىۋالغان كۆل رەڭ چاپىنىنىڭ مۈرىسىدىكى يىرتىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئەمما ھاراق سورۇنىدا دوستلىرىمنىڭ ماڭا قويغان مۇبارەك ئېتىم «ۋۇسۇڭ»، مەن بۇ نامدىن پەخىرلىنىمەن، بىراق ھازىرغىچە يولۋاس ئۆلتۇرۇپ باقمىدىم، بىزنىڭ بۇ جايدا ئۆلتۈرەيلى دېسەك يولۋاسمۇ يوق، شىر كەيىپ بولغاندا مۇشت - پەشۋالىرىم بىلەن بىر نەچچە يولۋاسنى ئۆلتۈرگۈم بار ئىدى بولمىسا، ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالايدۇ ئەمەسمۇ! شۇنىسى ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندا «چىشى يولۋاس»لار بىلەن ھەپىلىشىپ كېتىپ بارىمەن، ھا! ھا! ھا!... — «ۋۇسۇڭ» مەغرۇر ھالدا ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلدى، — ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ شىڭگىل قاپىيە ئويناپ قويدۇم. ئەسلىدە بۇ سورۇنغا مېنىڭ جان - جىگەر ئاغىنەم يولۋاسنىڭ كۆڭلىنى دەپلا كەلگەنىمەن، ھەممەيلەن ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك بولۇپ قالغاچقا

شۇنداق بولدىمۇ باياتىن قىزىقچىلىقتا تونۇشتۇرۇشمۇ بولمىدى، — ئۇ ئاغزىغا قىڭغىر چىشلىۋالغان تاماكىسىنى كۆچەپ بىر شورىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بېشىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدىڭلار ھەقاچان، ئەسلى بۇ ئىنىمىز گەپ قىلمايلا ھاراقنى قولىغا ئالغان بولسا، مەنمۇ ئاۋارە بولۇپ شەپكەمنى ئېلىپ يۈرمەيتتىم. گەپ ئۇزىراپ كەتكۈدەك، بۇ ئىنىمىز ئىچەلمىگەن ھاراقنى مەنلا ئىچىۋېتىپ، قالدى گەپنى ئاندىن دەي، — ئۇ يولۋاسنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ، گويىدە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن چىرايلىرىنى مۇچ يەۋالغاندەك پۈرۈشتۈرۈپ، يانغا «چىرت» تىدە بىرنى تۈكۈردى، — قىسقىلا دېسەم بۇ مۇنداق ئىش، ھازىر پاختەكمۇ سەۋەبسىز ئۇسۇرمايدىغان زامان. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ھاراق قالدۇرغان ئۇنتۇلماس خاتىرە، ھېكايە بەكلا ئۇزۇن، ئەمما مەن نەق يېرىنىلا دەيمەن، — ئۇ دانە-دانە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل مۇقەددەم، ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن بىر سورۇندا ھاراق دېگەننى كېكەرگۈدەك ئىچىپ، سورۇن تۈگىگەندە موتو دېگەننى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، ساي يولىغا چۈشۈپ ماڭدىم. تېز ھېڭىشتىكى سەۋەب، مېنىڭ بىردىنبىر ئامرىقىم بولغان مېھراي دېگەن چوكان بىلەن كۆرۈشۈش. ئۇنىڭ ئۆيى چەترەك بىر مەھەللىدە بولۇپ ئۆزى يالغۇز تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چوقۇم چىراغمۇ يوق مۇشۇ ساي يولى بىلەن ھېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ يەردىكى ئىشنى تۈگىتىپ، مېھراينىڭ مېھرىگە قېنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆيۈمگە كەتمىسەم تېخى بولمايتتى. ئۆيۈمدىغۇ مېنى باشقۇرىدىغان خوتۇنمۇ يوق، بولمىسا. ئەمما بىر نەچچە مال-جاندارلىرىم بار، ئوغرى ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەندە! ئۇلارنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپ قالسا، سېتىپ ھاراق ئېلىپ ئىچىدىغان، مېھرايغا ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىدىغانغا ھېچنېمەم قالمايدۇ دەڭلا. شۇنداق قىلىپ مېھراينىڭ ئوتلۇق قاراشلىرى، مامۇق بەدەنلىرى، ناز-كەرەشمىلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى ئالدىرىتاتتى، مەست بولغاچقا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ ياكى موتو مەن بىلەن قېرىشتىمۇ، «مايىنى قۇلاقچە دەسسەپ» ماڭساممۇ ئاستا ماڭغاندەكلا، خىياللار قايىنىمىغا چۆكۈپ، جاناننىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ، قۇيۇندەك كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا بىر نەرسە پەيدا بولغاندەك قىلدى، سەزگۈمگە تايىنىپ، موتونى كۆچەپ تورمۇزلىغان بولساممۇ، قاتتىق بىر نەرسىگە ئۇرۇلغۇنۇم بار، ھوشۇمغا كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىمنى بىلدىم. ئەسلىدە يول بويىدىكى ئىستولبىغا ئۇرۇلغان ئىكەنمەن، باش سۆڭىكىمنىڭ يېرىمى ئېزىلىپ كېتىپتۇ، يەيدىغان نېسىۋەم تۈگىمىگەن چېغى، بىر ياخشى نىيەتلىك دېھقان دەرھاللا دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ، ئاخىر باش سۆڭىكىنى ياسىيالمىغاچ شۇنداق بولدىمۇ، مۇشۇنداق ساقايتىپ، نېپىز بىر قەۋەت يالتىراق بىلەن قاپلاپ قويىدى، گەرچە ئەسلى-ۋەسلىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ، ئەمما ھايات قالغىنىمغا خۇش بولدۇم. ھايات قالغان ئىكەنمەن. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەي ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىپ، مەست بولغاندا ئىشتان-پىشتانغا چىچىپ يۈردۈق مانا!

— ھا! ھا! ھا! زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى ھەم قىزىقچىسى، دەۋرىمىزنىڭ باتۇرى، بۈزۈركام مۇشۇ يېشىدىمۇ جاننى ئالقانغا ئېلىپ قايناق ھېسسىياتى بىلەن ئىچىۋاتسا، بىز ئىچمىسەك بولامدۇ؟ يولداشلار بىزنىڭ غەيرىتىمىز بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىپ باردۇ، بۇنداق قىلساق مىللىتىمىزگىمۇ، خەلقىمىزگىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز دەيمەن، — باياتىن چارۋا پونكىتىنىڭ باشلىقى دەپ تونۇشتۇرۇلغان قارامتۇل، بۇرۇتلۇق يىگىت ھاياجان بىلەن سۆز قىستۇردى.

— راست ئەمەسمۇ، بىز لاتىللىق قىلماي، بۇ ئاكىمىزدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك، ئاپىرىن، مىڭلارچە ئاپىرىن، بىزمۇ مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىمىزنى ھاراق كۆتۈرىدىغان ئوغۇل بالا ساناپ يۈرگىنىمىزنى دەيمەن، بۇ ئاكىمىز ھەم ئوغۇل بالدەك ئىچەلەيدىكەن، ھەم ئاشنىسى باركەن، ئويۇنىمۇ جايىدا ئوينىيالايدىكەن ئەمەسمۇ، ھاراقنىڭ پەيزى دېگەن مۇشۇ!

— بۇنى بىز كۆڭۈلنى، دوستلۇقنى، ئەرلىكنى ئەلا بىلىش دەيمىز، قالتىس روھتە بۇ!

— بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئەر ھېسابلاپ، ئۆيدىكى خوتۇننىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆتۈپتىكەنمىز، بۇ ئاكىمىز بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىپ قويىدى، قېنى خوتۇن ئەمدى بىر نېمە دەپ كوتۇلداپ باقسۇنچۇ، ئوت ئالدۇرۇۋاتمايدىغان بولسام؟!

— مەندە ئاجايىپ مول ھېسسىيات دولقۇنلاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇپ بولالمىدىم، ھاراقتىن بىر رومكا تەلەپ

قىلاي، — بىز بىلەن بىرگە كەلگەن قاۋۇل دات چىداپ تۇرالمىغان بولسا كېرەك. ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى، — سابىر ئاغىنىمىز ھەقىقەتەن ھاراق ئىچمەيدۇ، شۇڭا مەن بۇزۇر ئاكىمىزنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇش يۈزىسىدىن بىر رومكا ئىچىمەن، يەنە تېخى ھازىرلا توقۇغان ئىككى كۇپلېت شېئىرىمنى نەق مەيداندا ئوقۇشۇم بار.

— يارايدۇ، ھەقىقىي ئەركەك، بىزدە ھامان مۇشۇنداق قەھرىمانلار ئىز بېسىپ چىقىدۇ، جاھان مۇشۇنداق قەھرىمانلار بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ ئەمەسمۇ، ھاراقنى مەيلى كىملا ئىچسۇن، ئاخىر بۇ «ئابى زەم - زەم» ئىزا تارتىپ قالمايدىغان بولدى.

— ئەمسە دىققەت! ھەقىقىي ئەزىمەت «ۋۇسۇلۇك»غا ئاتاپ ھېلىلا توقۇغان لىرىك شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلىمەن:

بېشىڭىزنىڭ يېرىمىنى ھاراق ئېلىپ كەتسىمۇ ۋۇسۇلۇك،
پىسەنت قىلماي جېنىڭىزغا مەغرۇرانە ئىچىپسىز ۋۇسۇلۇك.
روھىڭىزغا ئوقۇيمەن مىڭلارچە تەھسىن - ئاپىرىن ۋۇسۇلۇك،
ھاراقتىن گۈل ئېچىلدۇرۇپ خۇش پۇراقلار چېچىپسىز ۋۇسۇلۇك.

ياشالايدۇ كىممۇ سىزدەك ھاراق بىلەن دوستلىشىپ ۋۇسۇلۇك،
نازىنىنغا شىر كېيىپتە يولۋاس كەبى تاشلىنىپ ۋۇسۇلۇك.
ياشلايسىزغۇ كۆزىڭىزنى بىر كۈن ئىچمەي قالسىڭىز ۋۇسۇلۇك،
مودا ئەمدى سىزنى دوراش، كەتتى بىزدە باشلىنىپ ۋۇسۇلۇك.

— بەللى شائىر ياشاپ كەت!

— مانا شېئىر دېگەن مۇنداق بولمامدۇ، قاۋۇل داتنىڭ تالانتى باركەن جۇمۇ!

— ئاغىنىسىز ھازىر جاۋاب شائىر تۇرسا!

ھەممەيلەن قاۋۇل داتنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشماقتا، ئۇنىڭغا ئەمدى باشقىچە نەزەر بىلەن قارىماقتا ئىدى. بىر قانچەيلەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن قايتا قول سىقىشىپ، دەبدەبىلىك تىلەكلىرىنىمۇ بىلدۈرۈۋالدى، يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى، تېخى مۇمكىن بولسا سۈرەتكە چۈشۈۋالغۇسى بارلىقىنىمۇ بىلدۈرۈپ ئۈلگۈردى.

— ماڭا قارا ئاداش، باياتىن مەن سېنى ھاراق ئىچمەيدۇ دېدىم، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ، — قاۋۇل دات ماختاش سادالىرى ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ، بىر قانچە رومكا ھۆرمەت ھارىقىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ دۈمبەمگە پەپىلەپ تۇرۇپ، مەغرۇر ھالدا دېدى، — بۇزۇر ئاكىمىز ئەنە شۇنداق تۇرۇپمۇ بىزنى دەپ ئىچتى، ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ بۇ يۇرتقا كەپتىمىز، ساھىبخانىنىڭمۇ ئاز - تولا يۈزىنى قىلايلى، دېمەكچىمەنكى بىر رومكا ئىچىپ قوي، ئۆلۈپ قالماسسەن، سورۇننىڭ ھۆرمىتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارچىغان بەدەنلىرىڭ ئارام تېپىپ، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالىدۇ، ياخشى ئۇخلايسەن، ئۆزىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزىمىز قىلماساق بولمايدۇ ئاداش! — ئۇ يەنە بىر ھازا چۈشەندۈردى. بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى: «سەن ھاراق ئىچمە، بىز بىلەن بىرگە ماڭغىنىڭمۇ چوڭ ئىش، ئەگەر كىم سورۇندا ھاراق زورلاپ قالسا، سېنىڭ ھارىقىڭنى مانا مەن ئىچىۋېتىمەن!» دەپ مەيدە مۇشتلىغان قاۋۇل دات، ئەمەلىكتە قېرىنشقاندەك ماڭا ھاراق ئىچىش توغرۇلۇق ۋەزخانلىق قىلماقتا ئىدى.

— مېنىڭچە ھاراقنى كۆپ ئىچىش نوچىلىق ئەمەس، گەپ ئۇنى قانداق ئىچىشتە! — مەن ئىلاجسىز كۆڭلۈمدىكى قاتتىق نارازىلىقىمنى مۇشۇ ئاچچىق گەپلەر بىلەن ئىپادىلەپ، تەڭلەنگەن ھاراقنى قولۇمغا ئالدىم، — مەن مۇشۇ بىر رومكىلا ھاراق ئىچەي، گېپىمىز گەپ بولسۇن، قايتا زورلىساڭلار راستىنلا ئىچمەيمەن، — مەن شۇلارنى دەپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ھاراقنى ئىچىۋەتتىم.

— بىر رومكا ئىچكەندىن كېيىن، ماۋۇ ھاراقمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەيمەن، تۈزۈت قىلمىسىلا، — ئارقىدىنلا تەڭلەنگەن ھاراق مېنى مەڭدىتىپ قويدى.

— ئەستا، مەن بايا بىر رومكىلا ئىچەي دېمىدىممۇ؟ بۇنداق قىلساڭلا قانداق بولىدۇ؟...

— ھېچقىسى يوق، بىر قېتىم ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالسىڭىز ھېچنېمە بولمايدۇ، بىز سىزنى يەنىلا گېپىدە تۇرىدىغان ئوغۇل بالا، دەپ بىلىمىز، — يولۋاس مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا قاراپ دېدى، — ھايال ئۆتمەي بىزنىڭ سازەندىلەر، ئاي پەرىلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ھاراقنى تەلەپ قىلىپ ئىچىدىغان كۈنگە قالارسىزمىكىن.

ئەلەم بىلەن ئىچىۋاتىمەن. قويە ئۇنداق گېپىڭنى، كىم سەندىن ھاراق تەلەپ قىلىپ ئىچكۈدەك، ئاچچىق ھا-

راقنى تەلەپ قىلىپمۇ يۈرەرمەنمۇ؟ سازەندە - پازەندە، ئايلىرىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم؟ ... مەن ئىچىمدە يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېدىم. نۇرغۇن خىياللارنى قىلدىم، نېمىلەرنى دېدىم. نېمىلەرنى ئويلىدىم ئېسىمدە يوق، پەقەت قۇلاق تۈۋىمدە رومكىلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى، ئەۋجىگە چىققان «خوشه!» سادالىرى... ئەينىدىنمۇ، قاۋۇل داتلارمۇ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. «ۋۇسۇڭ»مۇ ئاللىقاچان ئۆزىنى تەڭشەپ بولغان بولۇپ، خۇددى چۈشۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك شەپكىسىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىپ، تامغا سىڭايان يۆلىنىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ جۆيلىگەن ئادەمدەك: «مېهراي، مېهراي، ئۇنداق قىلماڭ...» دەپ قوياتتى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي سورۇنغا سازەندە يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر قانچە قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈشۈپ، چوڭ يولغا چىقىپ قالغان ئۆردەك چۆجىلىرىدەك ئىككى ياققا ئىرغاڭشىپ كىرىپ كەلدى.

— ئۇنداق بولسا سورۇنىمىزنىڭ ئىككىنچى كۆرۈنۈشى ھازىر باشلاندى: — يولۋاس قولىغا ھاراقنى ئېلىپ تەنتەنىلىك نۇتقىنى باشلىدى، — بۈگۈن بۇ سورۇنىمىزدا نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ دىيارىمىزغا كەلگەن ئەزىز مېهمانلار بار. مۇزىكانتلىرىمىزمۇ، قىزلىرىمىزمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدى، ئۇخلاپ قالغانلار بولسا ئارام ئېلىۋەرسۇن، ئوڭشىلىپ قالدۇ. سورۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، ئېچىلىپ ئولتۇرساق، ھۆرمەتلىك مۇزىكانتلىرىمىز، گۈل پەرىلىرىمىز، ئەمسە مېهمانلارمۇ زېرىكىپ قالمىسۇن، ھاي كۈتكۈچى قىزىل ھاراق كەلتۈرۈڭ! — يولۋاس ئەمدى باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ ئولتۇرغان سېرىق چاچ، كۆزلىرى يوغان، يۈزلىرىنى مايمۇننىڭ ساغرىسىدەك بوياۋالغان قىزغا كۆزىنى قىسىپ، قىزىل ھاراقنى ئىما قىلىپ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاپ قويدى.

— خەپشۇك، ھازىر بىر پەدە ئاڭلايمىز! — يولۋاس سازەندىلەرنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا رومكىنى لىققىدە تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن دېدى، — ساز قىلىۋاتقاندا كىم گەپ قىلسا بىر رومكا ھاراق قويىمەن، ئۇستازلار قېنى مەرھەمەت!

قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سوغۇق سۇ قويغاندەك، سورۇندا بىردىنلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پەقەتلا بۇزۇركامنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سازەندىلەرمۇ ھاراق سورۇنىدا مۇشۇنداق بىر «بەلگىلىمە»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىدىن خۇشال بولغاندەك، ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، يولۋاسقا باش لىڭشىتىپ، ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، جۇشقۇن ھالەتتە ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

شاپتۇل شاخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شاخىدا كىم بار.
مەن يارنى دېگەن بىلەن،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار.

— ئاغىنىمىز يولۋاس يەنىلا ئەتراپلىق ئويلايدىكەن، — مۇزىكا توختىشى بىلەن قاۋۇل دات ئېغىز ئاچتى، — ئەمدى پۇت - قوللارمۇ قىزىشىپ، تانسا ئوينىغۇدەك بولۇپ قالدۇق، مانا بۇ ئاي - پەرىلەر سورۇنىمىزدا گۈلدەك پەيدا بولۇپتىكەن، كۆڭۈللەر باشقىچە شادلىنىپ، سورۇنمۇ ئۆزگىچە جانلىنىپ كەتتى، — قاۋۇل قىزلارنىڭ ھەممىسىگە بىر خىل ئوتلۇق نەزەر بىلەن تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى، — مەن مۇنۇ ھاراقنى گۈزەللەر ئۈچۈن كۆتۈردۈم ئەمسە، خان قىزلارنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق ياش ھەم گۈزەل تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئىچىمەن! — قاۋۇل دات قىزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ دېدى، — يەنە بىر تەلەپ، خەلق ناخشىلىرى دېگەن ھەممە يەردە بار، كېتىپ بېرىپمۇ خالىغان جايدا، كوچىدا، ئاشخانا - دۇكانلاردا ئاڭلىۋالىمىز! مېنىڭچە سازەندىلىرىمىز ئەمدى شوخ تانسا پەدىلىرىگە توختاپ قالماي بىر چالسىكەن، يەنە تېخى بۇ پەرىلەرگە ئاتاپ ئوقۇيدىغان شېئىرىمىزمۇ بار تېخى، خوشه!

— ياخشى گەپ بولدى، قارشى ئالىمىز، خوشه شائىر!

قاۋۇل دات ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە بىر پارچە لوق گۆشنى ئېلىپ، مالاچىلىتىپ يەۋەتكەندىن كېيىن، گۆش چاپلىشىپ قالغان بارماقلىرىنى يالىغىنىچە بىرنى كېكىرىۋېتىپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى قىزلارغا تىكىپ كانىيىنى قىردى:

ئولتۇرسا گۈلدەك گۈزەللەر ناز بىلەن،
پەيزىنى سۈرسەك ھاراق ھەم ساز بىلەن.

مەستلىكتە سۇرسە بەدەنلەر مىلىك ھۇزۇر،
كۆن ئۆتەر ئويناپ - كۈلۈپلا ياز بىلەن.

— نوچى شېئىركەن، يارايدۇ!

— ياخشى ئوقۇدى! بۇ قېتىم قىزلارمۇ قاۋۇل دات
ئوقۇغان شېئىرغا ئالقىش ياغدۇرۇپ چاۋاك چېلىشتى.
قاۋۇل دات هاراقنى ئىچىۋېتىپ، بۇرنىنى ئىچىگە تولدۇ-
رۇپ تارتىپ، ئاغزىغا لىققىدە يىغىلغان تۈكۈرۈكنى يەرگە
شالاپپىدە تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، تاماكىنى ئاغزىغا
قىڭغىر قىستۇرغان ھالدا قىرقىما چاچ، كۆزلىرى كۆك،
تولغان كۆكسى نېپىز كۆڭلەكلىرىنى ھېلىلا يىرتىپ چىقىدى-
غاندەك كۆرۈنىدىغان دىقماق بىر قىزنى تانسىغا تارتتى.
قىزمۇ قالماق قويىنلىك قۇيرۇقىدەك سەمرىگەن ساغرىسىنى
ئىككى تەرىپىگە تاسقىغىنىچە جىلمىيىپ ئورنىدىن تۇردى.
مانا ئەمدى ھەركىم ئۆز گېپى، ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ
كەتكەندى. ئارىلاپ بەزىلىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ
تانسا ئوينىسا، بەزىلىرى ئۇسسۇل ئوينايتتى. چېلىنىۋاتقان
مۇزىكىلارغا زادى نېمە ئوينىسا بولىدىغانلىقى بىلەن
ھېچكىم ھېسابلىشار ئەمەس. ئۆزئارا ھاياسىز بېقىششىلار،
شەرەتلەشلەر، قىچىقلىششىلار، سېرىق يۇمۇرلار، جىلمىيىپ
كۈلۈشلەر... ئىشقىلىپ سورۇن بارغانچە «تەرەققىي
قىلىپ» كېتىپ باراتتى. قاۋۇل دات ھېلىقى قىز بىلەن شۇن-
چىلىك يېقىن ئويناقتا ئىدىكى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى بىر -
بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەندى. قىز بولسا قاۋۇل داتنىڭ
ئاغزىدىكى تاماكىسىنى ئاستا ئېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتى،
ئۇلار بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشتى.

— خەپشۇك، مۇزىكا توختسۇن! — بىر چاغدا
يولۋاس ئىشارە قىلىپ بىردىنلا مۇزىكىنى توختاتتى، —
مەن ئاغىنىلەرگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — يولۋاس
مەستلىكتە ئەلەڭلەپ قالغان كۆزلىرىنى قاۋۇل داتقا تىكتى، —
ئاغىنىلەر، سەل ئۆزىمىزنى باشقۇرۇۋاللى، مېھمانكەن
دېسەك، ھەددىمىزدىن ئېشىپ كەتسەكمۇ كېلىشمەس، ئا-
دەمنىڭ كۆزىچىلا كۆزگە ئىلمىغاندەك يالىشىپ يۈرسەڭ-
لارمۇ قامالاشماس، بۇ دېگەن ئاممىۋى سورۇن، ھايۋاناتى-
لار باغچىسى ئەمەس، ھەر ئىش پەردىشەپ بىلەن
بولسۇن، نېمىلا قىلساق بولۇۋېرىدىغان بۇ ئېشەك ئېغىلى
ئەمەس!

— پاھ، پاھ يولۋاس بىزنى ئازراق مېھمان قىلىپ
قويۇپ، ئەمدى بۇ گەپلەرنى قىلغىلى تۇردۇڭما؟ — ئەيند-
دىنىنىڭ «ئېشەك» دېگەن لەقىمى بولغاچقا، گەپ ئۇنىڭغا
ئۇدۇللا تەگكەن چېغى، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئاچچىق بىلەن
دېدى، — ماڭا قارا ئاداش، بىزنىڭ يۇرتقا بارغاندىمۇ،
سەن خېلى ئىشلارنى قىلغاندا ھېچنېمە دېمىگەن بىز، ھەتتا
يېقىن ئاغىنىمىز بولغان سابىرنى رەنجىتىپ ئەپسانە گەپلەر
بىلەن تىللاپ سورۇندىن ھەيدەپ چىقارغاندىمۇ سۈكۈت
قىلغان، ئەمدى سەن نېمە دېمەكچى؟ چىدىمىغان بولساڭ
بۇنداق سورۇننى قىلمىساڭ بولمامدۇ؟

— ئەيندىن سەن نېمە بولدۇڭ ئاداش؟ بۇ گەپنى
مەن ساڭا قارىتىپ قىلمىدىم، ئاۋۇ ئېشەك شائىرغا دېگەن
گەپ بۇ، قارىسام سەل ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆ-
زىمنى تۇتۇۋالالماي ئاچچىقتا دەپ سالدىم، ئۆزۈڭگە
ئېلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. مەن بارغۇ جاننى ئالدىغان
ئىش بولسىمۇ ساڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايمەن!

— نېمە دەيسەن، ھوي ساۋاتسىز دېھقان، مەن تېخى
ئالدىڭدا ئېشەك شائىر بولۇپ قالدىمما؟ باشقىلار مېنى
شائىرلىق مەقامىغا يەتكەن قالتىس شائىر دەۋاتسا، سېنى
ئاناڭ تۇغمىغاندەكلا بىر گەپلەرنى قىلسىنا، ھېلى ئېشەك-
لىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن ماشەدە!

— ۋاي شۇنداقمۇ؟! — يولۋاسمۇ بىردىنلا خوراز-
نىڭ تاجىسىدەك قىزارغان يۈزلىرىدە پەيدا بولغان چېكىم -
چېكىم تەر تامچىلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەنلا سۈرتۈ-
ۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى تېخىمۇ
قارىداپ، چاچسىز بېشى مىس تاۋاقتەك پارقىرايتتى، —
مەن دېھقان بولسام سەن نېمە؟ ئىككى تال قوشاقنى
ئوقۇپ قويۇپ، ئۆزۈڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ بۇنداق
بىر نېمىنى بارغۇ مېنىڭ دۇكىنىمغا قارايدىغان سۇلتان
تازمۇ ئوقۇيالايدۇ، شۇ ھالىڭغا ئۆزۈڭنى تېخى شائىر ھې-
سابلاۋاتامسەن؟ ئاشۇ گەپلىرىڭگە ھۆ! ئىچەلمىگەن نېمەڭ-
گە نېمە قىلىتتىڭ باشقىلاردىن هاراق تالىشىپ؟ هاراقنى بې-
شىڭغا ئىچىپ، ئېشەكتەك قىلىق قىلغۇچە، ئاشقازىنىڭغا
ئىچىپ، ئادەمنىڭ قىلىقىنى قىلساڭ بولمامدۇ؟!

— ھەي چىدىماس ئەبگا، مۇشۇ مايماق جىنلىرىڭ
بىلەن تانسا ئويناپ قويسام، شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتامسەن؟
بىزنىڭ يۇرتتا بۇنداق نېمىلەر سامان نەرقى، ئىستت ئال-
تۇندەك شېئىرلارنى ئوقۇسام، قارا قورساقنىڭ دېگەن

گەپلىرىنى دەيمىنا؟!

— ھۆيت شائىرچاق، ئويناپدىغانىنى ئويناپ، ئەمدى بىز مايماق جىن بولۇپ قالدۇقما؟ بىرىپ ئۆيلىرىدىكى خوتۇنلىرىغا قاراپ باقسىلا جۇمۇ، قايسى مايماق جىندىن كەمكەن؟ — دىدى باياتىن قاۋۇل دات تانسا ئويىنغان ھەملىقى دىقماق قىز، يولۋاس يەنە بىر نەرسە دىگۈچە كۆزلىرىنى گۈلەيتىپ، ئاچچىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — خىياللىرىدا بىزنى ئاشقان ـ تاشقان، بارىدىغان يىرى يوق دىۋانە كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامالا، بىزنىڭ بارغۇ سىلىدەك لاۋزا شائىرنى ئالقىنىمىزغا ئىلىپ ئويناتقۇچىلىكىمىز بار جۇمۇسىلا، يولۋاسكامنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ھەرقايسىلىرى بىلەن تانسا ئويناپ قويدۇق، بولمىسا چۇشۇپ قالغان ئادەم يوق، ئاغزىلىرىغا بىقىپ سۆزلىسىلە! — قىزلارمۇ قىزىل ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن خىلىلا زىللىشىپ قالغانىدى.

— شۇنى دەيمەن، بىز يا بۇياقنىڭ ئەكىلەيدىغان خان ئاچىسى بولمىساق، قانداق گەپ بۇ!

— ئەر كىشى دىگەنمۇ مۇشۇنداق لاۋزا بولامدۇ دەيمىنا، ئوقۇغان ئاشۇ شىئىرلىرىغا نىمە دەي؟

— مەن ھەرقايسىڭغا گەپ قىلمىدىم، ماۋۇ ئاغىنىمىز يولۋاسقا دەۋاتىمەن، — قاۋۇل دات ئەمدى قىزلارنى ئۇدۇللا سەنلەشكە ئۆتكەنىدى، — «قانجۇق ئىتنى ئىت تالىماپتۇ» دەپ، ھەرقايسىڭغا سۆزلەيدىغان نۆۋەت كەلمىدى تىخى، ئەر كىشىنىڭ گىپىگە لوقما سالماي شۇك ئولتۇرۇشمامسەن!

— ئاداشوي ماۋۇ گىپىڭ قاملاشمىدى، ئويناپدىغانىنى ئويناپ، نىمە دىگىنىڭ بۇ؟! — يولۋاسمۇ ئەمدى رەسمىي تەرۆزدە ئەلپازىنى بۇزغان ئىدى.

— دىمىسىمۇ نىمە دەيدۇ ماۋۇ زەيپانى؟! — ئەمدى قىزلارنىڭمۇ ئىغىز پىلتىسىگە ئوت تۇتاشقان چىغى، ئۇلارمۇ ئاغزىنى قويىۋەتكەنىدى، — ما كەلگۈندى بىزنى قانجۇق دەيدۇيا، بىرىپ خوتۇنۇڭغا قارا، قانجۇقنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى شۇ چاغدا بىلسەن!

— ئۆزىنى ئەر كىشى چاغلاپ قاپتۇ ماۋۇ ھەپىنەك تاز، ۋاي دەپ قويساق، ئوقۇغان ئىككى توك ـ توك قوشۇقۇڭغا ئۆزۈڭنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان ئوخشىمامسەن؟!

— ھىلى ئىچكەن ھارىقىڭنى ئالدىڭدىن، يىگەنلىرىڭنى ئارقاڭدىن پۈتۈن چىقىرىپ، ئادەم بولغىنىڭغا تويغۇزمايلى يەنە؟!

— بولدى قىلىڭلار قىزلار، بۇنداق دىيىشىپ كەتمەيلى!

— ئۆزىنى جايىدا باشقۇرسا مۇشۇنداق ئىش يوق!

— ھاراق ئىچكەنگە توي، خوپ بولدى مانا!

— ھاي، ھاي ئەتە سالاملاشقىدەك يەر قالسۇن يولداشلار!

— نىمدىگەن بىمەنىلىك بۇ دەيمەن!

— ھەممىنى بۇزغان ئاشۇ قوشاقچى، ھە دەپ قويساق ئۆزىنى چاغلىماي ھەددىدىن بەكلا ئىشىپ كەتتى، نىمە يوغانچىلىق ئۇنىڭغا!

— ......!

سورۇن بىردىنلا ئۆرە ـ تۆپە بولدى، ئەمدى ھىچكىم ـ ھىچكىمنىڭ گىپىنى ئاڭلار ئەمەس، ھەممىسىلا ئۆزى بىلگەنچە بىر نىمىلەرنى دىيىشمەكتە. سازەندىلەر بولسا ھىچكىم بىلەن كارى يوق شىرەدىكى قورۇمىلارنى توختىماي يىمەكتە. يەنە تىخى ئۆزلىرى ھاراق قۇيۇپ ئىچىشمەكتە. ئەيىنىدىنگە قارىسام ئۇمۇ بىردەمدىلا ياندۇرۇپ، نىمىلەرنىدۇر دىگىنىچە تامغا يۆلىنىپ قاپتۇ. بۇزۇركام بولسا مىھراينى ئىزدەپ كىتىپ قالغان چىغى، ئۆز ئورنىدا كۆرۈنمەيتتى. يولۋاس ئۆزايىدىن كىملەرنىدۇر ھازىرلا ئۇرىدىغاندەك مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ، ھاۋادا پۇلاڭلاتقىنىچە «ھەرقايدىغى بىر قايداق، سورۇن مىنىڭ، قىنى قايسىڭنىڭ گىپى بار؟!» دىگىنىچە ھەممەيلەنگە ھەيۋە قىلماقتا.

— يۈرۈڭلا قىزلار، مۇشۇنداق سورۇنغىمۇ كىلىپ يۈرۈپتىمىز، بىز كىتەيلى! — ھىلقى سىرىق چاچنىڭ دالالىتى بىلەن قىزلارنىڭ ھەممىسى خۇددى پىترىغان قوي پادىسىدەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مىڭىشقا تەمشەلدى. سازەندىلەرمۇ ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ سورۇندا ئارتۇقچە بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك، يولۋاسقا رەھمەت ئىيتىپ، قىزلار بىلەن تەڭلا قوزغالدى.

— ھەي قىزلار توختاڭلار!

— بىردەم ئويناپ، بىرگە قايتىمىز، ئۇنداق قىلماڭلار!

— سىلەردىن ئەپۇ سوراپ گۇناھىمىزنى يۇيايلى،

قانداق تەلپىڭلار بولسا ئورۇندايلى!

— مەن يولۋاس ئولتۇرغان يەردە سىلەرگە كىم بىر نېمە دېيەلەيتتى، ھەممىگە ئۆزۈم ئىگە، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىڭلار!

بىر - بىرىدىن «سالاپەتلىك» يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تۇشمۇتۇشتىن قىزلارغا ئېگىلىپ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، يالۋۇرۇش، ئۆتۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى كۆكۈش تاماكا ئىسىدەك مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالدى، ھەتتا يولۋاس قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ قىزلارنى تۇتۇپ قالالمىدى.

— قويۇۋەت ئاداش ئۇنداق پاسكىنىلارنى يولىغا مېڭىۋەرسۇن! ئۇلار بولمىسىمۇ بىز كۆڭلىمىزنى خۇش ئېتىپ ئولتۇرالايمىز. ھالىغا باقماي نېمىسىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ دەيمەن بۇ بىر نېمىلەر؟!

— قانداق ئاداش سەن؟ ئەر كىشىدەك گەپ قىلسالىڭ بولمامدۇ، بايامىنىڭ ياقى «ھە» دەپ بەرسەڭ، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟! — يولۋاسنىڭ بىردىنلا غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— گەپ قىلمىسا نېمە دەيدۇ ماۋۇ قولڭ سالمىسى ھەزىلەك، ئىچكىنىڭنى ئارقىڭدىن يېرىلىپ كەتكەن تۇرۇبىدىن سۇ ئاققاندەك پۇركۇتۇپ چىقىرىمەن بىكار! — ئەمدىلا تاپىسىغا پۈتنى ئالغان ھېلىقى سېرىق چاچلىق قىز ھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى گەپ جېنىغا تەگدىمۇ قاۋۇل داتنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يولۋاس يەنە بىر نېمە دېگۈچە بوراندەك يېنىپ كېلىپ قاۋۇل داتقا تاشلاندى:

— ھە، كىم پاسكىنىلاركەن؟ ئۆزۈڭ قايسى پاسكىنىدىن كەم؟ نېمىلا دېسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىڭما؟— قىزنىڭ قولى ئاللىقاچان قاۋۇل داتنىڭ ياقىسىغا چىقىپ بولغانىدى.

— يولۋاس، ماۋۇ شوۋىچىغا ئۆزۈڭ بىر نېمە دە، ھېلى مەن قول تەگكۈزۈپ قويسام ياخشى بولمايدۇ، — قاۋۇل دات كالىدەك كۈچى بار بۇ قىزنىڭ ئالدىدا ھاسىراپ ئاۋازى خىرقىراپ قالغانىدى.

— مېنى شوۋىچى دەۋاتامسەن تېخى، مانا شۇ ئاغزىڭغا، ئۆزۈڭنى چاغلىمىغىنىڭغا مانا ئەمىسە، قىز بالا بولسامۇ ساڭا تېتىيمەن بىلىپ قوي! — قىز بىردەمدىلا قاۋۇل داتنىڭ ئاغزى، يۈزى، بويۇنلىرىنى مورلاپ تىرناق ئىزلىرىنى قالدۇردى، قاۋۇل دات بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېپىرلاپلا قالغانىدى.

— بولدى سىڭلىم، بولدى قىلىڭ، — مەن يولۋاسقا قىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە كۆز ئىشارىسى قىلدىم، — بۇ بۇرادىرىمىز كۆپرەك ئىچىپ قالدى، كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، — مەن قاۋۇل داتنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئارىغا كىردىم. بۇ قىز يەنە بىر مۇنچە سەت گەپلەر بىلەن قاۋۇل داتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، بىر مۇنچە تىللىۋېتىپ، يولۋاسنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن پەسكويغا چۈشتى. مەن قوللىرىم بىلەن قاۋۇل داتنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالمىغان، قولىنى تۇتۇۋالمىغان بولسام يەنە قانداق كۆتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

— ئەمدى بەلەن بولدىمۇ ئاداش؟! — سېرىق چاچنى مىڭ تەسلىكتە يالۋۇرۇپ يولىغا سالغان يولۋاس قايتىپ كىرىپ قاۋۇل داتقا كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقاردى، — قىزلارغا ئۇنداق گەپلەرنى قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى، سەنمۇ بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭ، ھەممىگە سەن سەۋەبچى!

— نېمە دەيسەن ھوي؟ ئاشۇ جىنلىرىڭغا گېپىڭ ئۆتمىسە مەن سەۋەبچىما؟ — قاۋۇل داتمۇ جان ئاچچىقىدا يولۋاسقا ھۆرپەيدى، — بايا نېمىلەرنى دېمىدى، نېمىلەرنى قىلمىدى ھېلىقى ئاغزىدىن پوق ئاقىدىغان بىشەم بۇزۇق، مېنىڭ ياقامغا ئېسىلىپ، يۈز - كۆزلىرىمنى مورلىسىمۇ كارىڭ يوق تاماشا كۆرۈپ تۇرىسەنا؟ يا خوتۇن كىشىگە قول ياندۇرغىلى بولمىسا، سېنىمۇ ئاغىنە دېگىلى بولامدۇ؟ بىز دېگەن بۇ يۇرتقا مېھمان، چىدىساڭ مېھمان قىل، بولمىسا كۆتەر قاسقىنىڭنى!

— نېمە ئۇ بۇزۇق دېگەن؟! ئەرلەرگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان نوچى قىزلار ئۇ، ئاشۇنداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلساڭ شۇنداق قىلماي قانداق قىلىدۇ؟! بەللى، نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ ھەرقايسىڭنى ئوينىتىپ قويسام، مۇكاپاتى مۇشۇ بولدىما؟ سەندەك ئېشەك شائىرنى بارغۇ مەن ئادەم قاتارىدا سانىمايمەن، سەندەك نېمىنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپلا قويسا، ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىسىمۇ بولغۇدەك! پەقەت ئەيىندىنىڭ يۈزىنى قىلدىم، بولمايدىغان بولسا...

— ھەي قەلەندەر، ئىككى توك - توك ھاراقنى قويۇپ بېرىپ، نېمەگىگە يوغانچىلىق قىلىسەن؟ ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىستىسىمۇ كۆرۈشەلمەيۋاتقانلار ساماندەك! مۇشۇ يەردە ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىمەن ھېلى بىكار!

— ۋاي شۇنداقمۇ، مەن قەلەندەر بولسام، سەندەك شائىر قەلەندەرنىڭ ئىشكى! مېنىڭ مېڭەمنىڭ قېتىقىنى چىقىرىدىغان ئادەمنى تاپالماي تۇراتتىم، كېلە ئەمسە، مېڭەمنىڭ قېتىقىنى بىر چىقىرە كۆرۈپ باقاي، مېڭەمنىڭ قېتىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى بولمىسا! — يولۋاس قاۋۇل داتنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلدى.

— ئەۋرەت يولدەك پاسكىنا بىر نېمە ئاقىدىغان ئاغزىڭغا مانا ئەمسە! — باشقىلار توسۇپ بولغىچە قاۋۇل دات ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن يولۋاسنىڭ يۈزىگىلا تۇيۇقسىزلا كۈچەپ بىر مۇشت سالدى.

— ياخشى، مەن ئەمدى چۈشەندىم، ئىشەكنى تونۇدۇم، ئىشەككە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەن بولمىسا! — يولۋاس بۇرنىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان قان بىلەن ھېسابلاشماي، جان ئاچچىقىدا قاۋۇل داتنىڭ قورسىقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى. قاۋۇل دات ئاغرىققا چىدىماي «ۋايجان!» دېگىنىچە قورسىقىنى چاڭگاللاپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تولغىنىشىدىن، ئەسلىدىنلا قارامتۇل چىرايىنىڭ تېخىمۇ قارىداپ كىر سۇيىدەك رەڭگە كىرىشىدىن مەن سەل ئەنسىرەپ قالدىم.

— بولدى قىلىڭ، ئۇ بولالمايۋاتسا يەنە ئۇرامسىز؟! — مەن قاۋۇل داتنى داۋاملىق ئۇرماقچى بولغان يولۋاسنى تۇتۇۋالدىم، ئىچكەن ھارىقىم نەلەرگە كەتتى، خېلىلا سەگەكلىشىپ قالغانىدىم.

— سابىر سەن ئىشىڭنى قىل، ھاراق ئىچەلمىگەندەك بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما! — يولۋاس ھەدەپ يۇلقۇناتتى، — بۇ ئىشەكنى بۈگۈن بىر نەرسە قىلىۋېتىپ، ئاندىن بارىدىغان يەرگە بارىمەن !

— مېنى يەنە ئىشەك دەۋاتامسەن؟! — قاۋۇل دات تولغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، ئۇ بىر قولى بىلەن بېقىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاچچىقىدا قەيەردىندۇر قولىغا ئېلىۋالغان ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن يولۋاسنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردى.

— ۋايجان! — جان ئاچچىقىدا كۈچەپ ئۇرۇلغان بوتۇلكا يولۋاسنىڭ پېشانىسىگە تەگكەن ئىدى. ئۇنىڭ پەچاقتا تىلىغاندەك يېرىلغان پېشانىسىدىن قىپقىزىل قانلار يۈزلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا.

— سابىر سەن مېنى قويۇۋەت! مەن بۈگۈن بۇ مۇناپىقتىن قانلىق قىساسىمنى ئالماي قويمايمەن، بۇ ئىشەكنىڭ قارنىنى يېرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس! — يولۋاس قاۋۇل داتقا تاشلانماقچى بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈزلىرى قان يۇقىدىن كىنولاردا چىقىدىغان نىقابلىق ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— مېنىڭ... مېنىڭ قارنىمنى يارامسەن تېخى، ئۆيۈڭگە بېرىپ كاتەكتىكى توخۇيۇڭنىڭ قارنىنى يېرىپ باققىنا قارا قورساق!

— يولۋاس، بولار ئىش بولدى، ھەرقانچە بولسىمۇ سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال!

— بۇرادەرلەر، سەت تۇرىدۇ، بۇنداق قىلىشمايلى! — ھاراق بوتۇلكىدا ياۋاش تۇرغان بىلەن قورساققا كىرگەندە جىم ياتمايدىكەن ئەمەسمۇ! توۋا ماۋۇ ئىشنى...

— قاراپ تۇرۇپ ما ئاغىنىلەرنىڭ ئىتتەك بوغۇشۇپ كەتكىنىنى دەيمەن، بىزدىكى دوستلۇق نەگە كەتتى، نېمە بولۇۋاتىمىز زادى؟!

ھەر خىل ئىلتىجالار، پەند - نەسىھەتلەر، جايىدا تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشلار، بىر - بىرىنى تىللاشلار، سالا - سۈلھى قىلىشلار ئەۋجىگە چىققان ئىدى، شىرە ئۆرۈلگەن، قاچا - قۇچىلار چېقىلغان، ھاراق، سەيلەر يەرگە تۆكۈلگەن، ئەيننىدىنىڭمۇ قولى كىمنىڭدۇر ياقىسىدا بولۇپ، خۇددى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى جەڭگە چۈشكەن لەشكەرلەردەك بىر مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى.

رېستوران غوجايىنى خەۋەر قىلدىمۇ ياكى ئۇلار غوۋغانى ئاڭلاپ ئۆزلىرى كەلدىمۇ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر دەمدىلا چارلاش ساقچىلىرى يېنىمىزدا پەيدا بولدى. ئەگەر ئۇلار ۋاقتىدا كەلمىگەن بولسا بەلكىم ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئۇرۇشۇپ يۈردۈڭلارمۇ؟ ھەممىڭ ئاۋۇ ماشىنىغا چىقىش!

(ئاخىرى 41 - بەتتە)




1

غېمىڭدىن دىل قارا بولدى، يۈرەك-باغرىم يارا بولدى،
پۈتۈن ئازار ماڭا، ئىلاجىسىزلىق ئاھ، ساڭا بولدى.

سېنىڭ پەيدالىقىڭ شەيدالىقىمغا ئوتنى ياندۇردى،
لېكىن، پىنھانلىقىڭ ئىنسانلىقىمغا ماجىرا[1] بولدى.

چۈشۈمنىڭ كۆللىرىدە يۈلتۈزۈڭنىڭ چوغى ئۇخلايدۇ،
ساۋاشلار جان ئارا، جانان ئارا، ئالەم ئارا بولدى.

كىتابلار پەنجىدىن ھېكمەت سۈمۈرگەن كامىرانلار[2] ھەم،
مۇھەببەت پەسلىنىڭ ئەندامىدا[3] ئازغان گادا بولدى.

بۇ سۇقلاردا ھەزەر ئەيلەپ يۈرەتتىم پەيلى شەيتاندىن،
ئەجەبكى، خۇلقى ئادەمدە تۇمەن شەيتان بىنا بولدى.

ياشاش تەس بولدى بىر دەملىك، قىيىپ كەتكەندە ئادەملىك،
بۇ يەڭلىغ قىسمىتى دەۋران، مالامەتلەر غىزا بولدى.

ماڭا چاپلاشتى مەجنۇنلۇق، شۇڭا، ھالىمدا سولغۇنلۇق،
غەزەللەردە ماڭا سولغۇن لەقەم شۇنچە راۋا بولدى.

2

مېنى كۆندۈزلىرى، ئاخشاملىرى قاقشاتتى يالغۇزلۇق،
يۇمۇلغان كۆزلىرىمگە توختىماي تاش ئاتتى يالغۇزلۇق.
پىسەنت قىلماي يۇمۇلماس، ئىنتىزار خۇنابە[4] كۆزلەرگە،
چاناقىمدا ئەلەمدىن سەلتەنەت ياشناتتى يالغۇزلۇق.

«مېنى مەن ئىستىگەن يار سۆھبىتىگە ئەرجۇمەند[5] ئەتمەس»[6]
مېنى بۇ تاش شەھەرنىڭ شورىدا ئاشلاتتى يالغۇزلۇق.

«قارا قاشلىق تولۇن ئايىمۇ ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش»[7]
ۋاپادىن بىنېسۇە دەپ، ماڭا ئاڭلاتتى يالغۇزلۇق.

جاھان بازاردا ئاقمايدىكەن ئىنسانىي كامىللىق،
مېنى لۇت[8] ھەم مۇسانىڭ[9] ھالقىسىغا قاتتى يالغۇزلۇق.

پىكىردە ھەم زىكىردە، توي-مۇسىبەتلەردە يالغۇزلۇق،
ۋەھلەر دىلبىرىنىڭ ۋەسلىنى ساقلاتتى يالغۇزلۇق.

«قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق، ئۇتتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن»[10]
سېنى سولغۇن ئۇتتۇنچى ھارۋىسىغا ئاتتى يالغۇزلۇق.

3

قەلەمدانىم بېشى قايغان قەلەمگە باشپاناھ بولمىش،
ئاداشقان، چارچىغان يول ئەھلىگە بىر رەھنەما بولمىش.

مادار كەتسە كېزىپ روھ خىلۋىتى ھېكمەت پايانىنى،
بىھوشلارغا مۇھەببەت رىغبىتى شەكسىز راۋا بولمىش.

چېقىلسا تەلۋىنىڭ ھۆكمى بىلەن قانچە سىياھدانلار،
ۋۇجۇدلار بەھرىدە ئۆركەشلىگەن قانلار سىياھ بولمىش.

كۆزى روشەن بولۇپ، دىل پانۇسى ۋەيرانە بولغانلار،
قۇياشنىڭ ئاستىدا يول يۇرسىمۇ ئالدى قارا بولمىش.

چىراغ ياندۇردى يىللارغا ئەدىب ئەھمەد[11] بىلەن ھومېر[12]
كۆڭۈل كۆزگۈسىگە ھەق سۆيگۈسى يارقىن زىيا بولمىش.

ئېزىتقۇ ئۇچرىغاي سۆز ۋادىسىدا ھەر قەدەم ئىچرە،
ھىدايەت تاپمىغان شېرىن سۇخەنلەر بىر بالا بولمىش.

تېپىلغاي ھەممىسى سۇلغۇن ئەگەر ئىنسان پۈتۈن بولسا،
خاراب ئىنسان مۇبارەك توي كۈنىدە بىناۋا بولمىش.

4

ئەي قەلەم قەلەمدانىغا پاتمىدىڭ ھېچ،
يانچۇقىنىڭ بۇلۇڭىدا ياتمىدىڭ ھېچ.

يولۇڭدا تۇرسا نى-نى مۇشكۈلاتلار،
سۆزلەشتىن ئۆز-ئۆزۈڭنى تارتمىدىڭ ھېچ.

يازسامۇ، يازمىسامۇ داغدىمەن دەپ،
كەتكەنلەر ھەسرىتىگە باقمىدىڭ ھېچ.[13]

ئالتۇننىڭ تارازىسى تارتتى چامغۇر،
گۆش قۇلاق پەردىسىگە ياقمىدىڭ ھېچ.

زامانىنىڭ مىرابلىرى ئېقىن بويلاپ —
شىلتىغان تەرەپلەرگە ئاقمىدىڭ ھېچ.

لۆمۈلدەپ ئاققان چوڭقۇر دەريا كەبى،
ئاقسەن، ساھىلىڭغا تاشمىدىڭ ھېچ.

ھەق جۆشەپ، ھەققە قەدەم باسمىدىڭ ھېچ،
سولغۇننى جۇشقۇنلىتىپ، شاشمىدىڭ ھېچ.

5

ياردىن يەتتى كارامەتلەر ماڭا،
دەشتى مەجنۇندىن ئالامەتلەر ماڭا.

ۋەسلىدىن ئەل ئاغزىدا مىڭ خىل پاسات،
ھىجرىدىن مىليون مالامەتلەر ماڭا.

سۆيمىسەم بولدۇم ئۆزۈمنىڭ خائىنى،
سۆيسە ھەر جايدىن ھاقارەتلەر ماڭا.

كەلسە يادىمغا تەبەسسۇم شولىسى،
تۈندە خانەمدە كاپالەتلەر ماڭا.

گاھى كۈنلەردە بىرەر ئاۋازىدىن،
ئىلتىپات، ئىشرە، دارامەتلەر ماڭا.

ئوڭدا رەيھان، سول تەرەپتە لالىگۈل،
ۋاھ ئەجەب يەتتى خىجالەتلەر ماڭا.

باتىللىق[14] سولغۇن ئەدىبنىڭ قاتىلى،
ئەي، جاھان سەندىن ئاھانەتلەر ماڭا.

6

كۆردۇم يىراقتىن يارنى، جانىغا تىككەن ئەغيارنى،
كۆز ياشلىرىمدىن بويىنىغا ئاسقان ئىككەن زۇننارنى.

كەلدى يېقىن بىر-بىر بېسىپ، بولماس نىگاھىمۇ نېسىپ،
كەتتى، گىرىپتارى ئەلەم ئېيتالمىدى ئىزھارنى.

ئالدىمدا سۆيگۈ دەپتىرى، دەپتەردە ھىجران تەپسىرى،
تەپسىردە جانان بىداۋا قىينايدىكەن بىمارنى.

يارنىڭ دىدارى گۈل ئىكەن، قارا چېچى سۇمبۇل ئىكەن،
خۇشبۇيىدىن بولدۇم غەلەت، كۆرسەتمىدى گۈلزارىنى.

يار گۈل ئەمەس نەشتەر ئىكەن، خۇنخارلىق[15] ئىستەيدىكەن،
ئۆلتۈردى، يەكسان ئەيلەدى، مەندەك جاھان ھوشيارىنى.

ئىزدەپ غېرىب مازارىنى، تۆكتۈم دىلىم ئازارىنى،
بىلمەس خالايىق پارقىراپ يۈرگەن سۇنۇق ئاۋارىنى.

سولغۇن دېدى ئەھۋالىنى، سۆز بىرلە ئاچتى پالىنى،
بۇلبۇل كېلىپ بىر قونمىسا، نە قىلغۇلۇق چىنارىنى.

7

قارا ساچىم جۇلاسى كەتتى، مۇڭ باشىمدا ئاق قالدى،
نېمە پەرۋايى تەقدىرنىڭ، يەنە كونا پىراق قالدى.

جانان قىچقارسىمۇ كەلمەي، سابادىن ھېچ خەۋەر بەرمەي،
قەدىرسىز ھەم تەبىرسىز، بى تەسەللى ئىشتىياق قالدى.

بىقىپ كەينىمگە ئۆرۈلسەم، بىقىپ چۆرەمگە چۆرۈلسەم،
بۇ قىسمەت شەرھىگە دەنا تېپىلماي بىر سوراق قالدى.

كۆزۈم ئۆچتى، ئۆپۈقنىڭ باغرىدا تەۋرەيدۇ بىر ئۇكيان،
پايانسىزلىق ئارا شائىرغا ئۆلتۈرغان چاناق قالدى.

قارارى، پەيلى نە بولغاي، بىلىپ بولمايدۇ ئاسماننىڭ،
ساماغا تەلمۈرۈپ چۈللەر ئارا ئاققان بۇلاق قالدى.

تاپالماي قۇشلىرى مەنە نەۋايى بىرلە ئەتتارنىڭ،[16]
پىقىر جاننىڭ يېغىغا دىل پىلىك بولغان چىراغ قالدى.

نېمىشقا چارچىدىڭ سولغۇن، قەلەمگە قىلچە تاۋۇڭ يوق،
ئىلاھى ئوت ئىچىدە قاپىيە، مىسرا، تۇراق قالدى.

8

بىر مۇھەببەت بار ئىچىمدە، دەردى بار، ئىزھارى يوق،
خۇددى تاشلاندۇق دۇتارمەن پەدىسى بار، تارى يوق.

دوستلىرىم جىق داستىخاندا، رېستوراندا بەزمىدە،
پەم ئېتىپ ھالىمغا چىندىن يەتكۈدەك ھوشيارى يوق.

مەن كۆڭۈل ئىستەپ چاپارمەن ھەر تەرەپكە ھەر كۈنى،
توپ ئارا بىگانىمەن، ئەھلى بازارنىڭ كارى يوق.

يار مەيلىنى ماڭا بەردى، ئۆزى يات قويندا،
ئىستىگەندە يار يوق، بولدى ماڭا ئۇ بار-يوق.

بولدى ئاشىقا باياۋان دەخلىسى يوق بىر ماكان،
كۆك تىكەندىن شىرنە ئالدىم، چاھارباغقا چارە يوق.

قاغىدىن قالغان غىزا سالدى نىزا، سالدى نىزا،
رىزقىنى ئوۋدىن تېپىپ يەي دەيدىغان شۇڭقارى يوق.

گۈلگە ئاشىقمەن، گۈلىستاندا گۈلۈڭنى ئۈزدى كىم،
ئۆيلىساڭ سولغۇن، گۈلۈڭنىڭ ھۆسنى باردۇر، خارى يوق.

9

ساتمىدا[17] ياتتىم كېچە كۆككە قاراپ، يۇلتۇز ساناپ،
ئاقتى ئاسمان سەتھىدە[18] كۆڭلۈم قۇشى جىسمى قاناپ.

يەل ئارا ئاياق سۇۋادان ياپرىقى شىلدىرلىسا،
يار تۇتۇش بەرگەنمىكىن دەپ تارتىمەن كۆپ ئىزتىراپ.

ئاۋۇنۇپ يۈردۈم خىيالىمدىن ياساپ ھۆسنى ۋىسال،
يار كۆتەر ئەتلەس كىيىپ، خىنە قويۇپ، باشنى تاراپ.

دۈملەگەن بىر خۇمرىغا ئوخشاپ كېتەر ھىجران تۈنى،
ئىچىغان ئارمانلىرىمدىن تەل بولۇر گۈلگۈن شاراب.

نەگە ماڭغاندۇ سامادا سەپ بولۇپ قۇشلار توپى،
قايسى ئىقلىمدا تىلاۋەت، قايسى ئىقلىمدا تاۋاپ؟

ھەققە تەلمۈرگەن كۆزۈڭنىڭ ياشلىرى دۈررۈل نىجات[19]
زەررىدەك تارتقان ھەرەج تاپقاي ھىدايەتتىن جاۋاب.

بىلمىدىم، سولغۇن ئۈزى غەمگە پۈتۈن سۇرگۈنمىكىن،
نە ئەجەب، مەنمۇ خىزىرنىڭ مەيلىگە قالسام ياراپ.

10

ھەر ئاخشام مەن قالىمەن يەككە-يەككە،
كۆندۈزنىڭ مەنىسىنى ئىزدىمەككە.

لاماكان ئۇچۇپ يۈرگەن ئەس-خىياللار،
چىراغىنىڭ شولىسىدا كىردى سەپكە.

ھەرلەھزە كۆرۈلمىشتە مىلك تۇگۇن بار،
ھېكمىتى سىغمايدىكەن بىرلا گەپكە.

ئۇيقۇغا ئوخشاپ كېتەر سۆز ۋادىسى،
يېڭى سۆز ئىزدەپ چاپتىم ھەر تەرەپكە.

ئىلھامىم سۇمۇرغىغا چىقمىش قانات —
بىرىدۇر كاشىغەرىم، بىرى مەككە.

جاھاننىڭ پايانىدا بىر ئەلىف بار،
ئەندازىم[20] كېلەر ئۇندىن سۆزلىمەككە.

مادارىڭ بارمۇ سولغۇن ئۈز ۋاقتىدا،
ئىككىنى ئىككى، بىرنى بىر دېمەككە.

---

**ئىزاھاتلار**

[1] ماجەرا — ماجىرا، غەلۋە چىقارماق.

[2] كامران — مەقسىتىگە ئېرىشكەن، بەختلىك، ھاكىم، باياشات.

[3] ئەندام — قىياپەت، تەن، كۆرۈنۈش.

[4]خۇناب — قانلىق ياش، ئاچچىق يىغا.

[5] ئەرجۇمەند — ئېزىز، لايىق، سازاۋەر.

[6] بۇ مىسرا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ.

[7] بۇ مىسرا نىمشېھىتنىڭ.

[8] لۇت — ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ قەۋمى بۇزۇقچىلىققا بېرىلگەن ۋاقىتتا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇز قەۋمىنى كۆپ ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇلارنى خاتا يولدىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ، بىراق جاھىل ئامما خاتا يولدىن قايتمىغاچقا ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھالاك بولىدۇ.

[9] مۇسا — ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرى. مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋن دەۋرىدىكى ئىسرائىللارنى ھەق يولغا ئۈندەش ئۈچۈن جىق ئەرزىيەتلەرنى تارتقان.

[10] بۇ مىسرا خەلقنىڭ.

[11] ئەھمەد — ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدىب ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد يۈكنەكىگە ئىشارە قىلىنىدۇ. ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق دىداكتىك داستانى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق بولۇپ، ئەسەردىكى بەزى بۆلەكلەردىكى مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ ئەما بىر كىشى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ داستانى 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

[12] ھومېر — قەدىمكى گىرېتسىيەلىك داڭلىق شائىر ھومېرغا ئىشارە قىلىنىدۇ. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8-، 9-ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن، ئەما شائىر بولۇپ، «ئىلىيادا» ۋە «ئودىسسا» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن مەشھۇر.

[13] بۇ مىسرا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئەھمەد زىيائى ۋە نۇرمۇھەممەد ئېركىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ شائىرلىق قىسمىتى ۋە ھەسرىتى ھەققىدە يېزىشقان شېئىرلىرىغا ئىشارە قىلىنىدۇ.

[14] باتىل — قۇرۇق، ساختا.

[15] خۇنخار — قانخور، قان تۆككۈچى.

[16] ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501)نىڭ «لىسانۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ۋە پەرىددىن ئەتتار (1145 — 1229)نىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار مەنتىقىسى) ناملىق مەسىلەر داستانىدىكى بىر توپ قۇشلارنىڭ ھۇدھۇد (ھۆپۈپ) رەھبەرلىكىدە، ئۇزاق ۋە قىيىن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كوھىقاپتا تۇرىدىغان قۇشلار پادىشاھى سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولغانلىقىدەك ۋەقە ئىشارە قىلىنىدۇ.

[17] ساتما — قوغۇن ۋە باشقا زىرائەتلەرنى ساقلاش ياكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن شاخ-شۇمبا ۋە قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي.

[18] سەتھ — يۈز (ھەرقانداق نەرسىنىڭ يۈزى).

[19] دۇررۇل نىجات — نىجاتلىق ئۈنچىسى.

[20] ئەنداز — نۇسخە، ئۈلگە.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى

# قاشتېشى

**ھەلىمە تۇردى**

(ھېكايە)



ئەتىگەنلىك شەپەق تەكشى يېيىلىپ، ئاسماننىڭ شەر-
قنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتكەن بۇ دەملەردە توختاخۇن-
نىڭ كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ، تېز - تېز جابدۇق ئېتىشكە
باشلىدى. بەش كۈنلۈك خىزمەتنى مىلىك تەسلىكتە ئاخىر-
لاشتۇرۇپ، ئاران ئارامغا ئۇلاشقان توختاخۇن ئۈستىخانلى-
رىنىڭ چىقىۋەتكەندەك ئاغرىشى ۋە بېشىنىڭ بىرئاز قېيىپ
تۇرۇشىغا قارىماستىن، ناھىيە مەركىزىدىن 70 نەچچە كىلو-
مېتىر نېرىدىكى قۇراملىق تېغىغا قاشتېشى تەرگىلى بارماق-
چى بولدى. ئۇ ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى - دە، بەش يىل
ئىلگىرى ئالغان «خوندا»سىنى مىنىپ يولغا راۋان بولدى.
ئۇ بوك - باراقسان ئۆسكەن، ياپيېشىل يوپۇرماقلىرى
يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان ئاق - قارا تېرەكلىك
يولدا 15 مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى ياقى-
سىدىكى دەرەخلىرى تۈزلۈك كۆكلىمىگەن، ئېرىق بويىمۇ
تاقىر، ئېرىقنىڭ نېرىقى تەرەپلىرى كۆز يەتكۈسىز
قۇملۇق، تاشلىق، ئاندا - ساندا ياپچان، ياد-
تاقلار، يۇلغۇنلار كۆكلەپ قالغان بىر
ئوچۇق يولغا چىقتى. كۆچلۈك ئاپتاپ بەدەن-
نى قىزدۇرۇپ تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇ
ئەتىگەنرەك يولغا چىقالمىغانلىقىدىن ئۆكۈ-
نۈپ، ھەر كۈنى ئويغىنىپ قويىدىغان، ئەمما
ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن خوتۇن-
نى قارغاشقا باشلىدى: «يامانلىۋالماي ئۆيدە
بولغان بولسا، ئويغىتىۋەتكەن بولسا، بۇنداق
ئىسسىقتا قىينالمايتتىم».

شۇنداق قىلىپ چاكاندا، يۇلغۇن، ياد-
تاقلار خېلىلا قويۇق ئۆسكەن يايلاققا چىقتى.
بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئېگىز ۋە قويۇق
ئۆسكەن بىر توپ غوژمەك يۇلغۇنلار تۈۋىگە
كېلىپ، يۇلغۇن تۈۋىدىكى دۆۋىلىنىپ
كەتكەن قۇرۇق چىمەننىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇر-
دى ۋە خىيالغا چۆكتى: «ئەگەر بۈگۈن خۇ-
دايىم بەرسە (قاشتېشى ئۇچرىسا دېمەكچى)،
ئاشۇ جازانىخورلارنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋەت-
سەم، بۇنداق دەككە - دۈككىدە ياشاشتىن
قۇتۇلاتتىم. ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن
قەرز ئالمايمەن. ئۆسۈمى جانىنى ئالغۇدەك
يۇقىرى. قاردا توشقان تۇتۇشنى نەدىن ئۆ-
گەنگەن بولغىيتتىكىن ئۇ نائەھلىلەر. مەندىن
ئېشىپ خوتۇنۇمغا ھاقارەت قىلىشچۇ ئۇ ئەخمەت دېگەن
خوتۇنپۇرۇشنىڭ. مۇشۇنداق چاغدا يامانلاپ كەتكىنىنى
دەيمەن، ماۋۇ خوتۇن دېگەن تۈزكورنىڭ. خوتۇن كىشى
دېگەن ئاغزىغا ھېزى بولمىسا تاياق يەيدىغان گەپ ئاشۇن-
داق. ‹نېمەڭگە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن نېمە سەن؟
40 تىن ئاشقاندىمۇ ئۆي تۇتاي دېمەي، ئەر كىشى تۇرۇپ
قىمار قەرزىڭنى تۆلىيەلمەي، خەقنىڭ ئالدىدا مېنى ھاقا-
رەتكە قويغۇچە، ئىشتان بېغىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالساڭ بول-
مامدۇ ؟!› دەيدۇ تېخى... نېمىدېگەن ئاچچىق تىل، نەدە
قالدى ئۇنىڭ ئاياللىق شەرم - ھاياسى ؟!»

تۇيۇقسىز بۆكرىگەن تۆگىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈگەن
توختاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپلا كەتتى. ئۇنىڭدىن بەش -
ئالتە قەدەم نېرىدا يەتتە - سەككىز تۆگە خۇددى ھەيران
بولغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇ تۆگىلەرگە
قاراپ بىر ئاز قورقتى. كىچىك چېغىدا ئۇ مەھەللىگە كىرد-

ۋالغان يوغان بىر تۆگىنىڭ مەتروزى بوۋاينى بوسۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندى. ئەگەر باشقىلار قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، شۇ چاغدا مەتروزى بوۋاي ھايات قالمىغان بولاتتى، شۇ چاغدا بۇ ئىش ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان. مەھەللىدىكىلەر ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشقانىدى:

— تۆگە دېگەن ئۇڭايلىقچە باشقىلارغا چېقىلمايتتى، نېمە بولغاندۇ بۈگۈن؟!

— ھەقچان ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان گەپ...

— كۆيلەش مەزگىلىدە مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ...

— مېنىڭچە مەتروزى بوۋاي ئۇ تۆگىنى باغلاپ ئېگىلىۋالماقچى بولغان گەپ. قاراڭلار، قولىدا ئارغامچا تۇرمامدۇ؟!

...

ئىشقىلىپ، نېمە ئىش بولغىنىنى ھېچكىم بىلەلمىگەندى. توختاخۇننى بىرئاز سۇر باستى. تېز - تېز چامداپ يولغا — موتوسىكلىتىنىڭ يېنىغا چىقتى. چىقتىيۇ، شۇنداق بىر خىيال كاللىسىدا يالتىتىدە قىلىپ قالدى: «ئاشۇ تۆگىلەرنى ساتالىسام قەرزىم ئازلايتتى. «ئۇنىڭ ئەس - يادى ئاشۇ قەرز ئىگىسىگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشتا قالغانىدى.

قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى، توشقان، دومباق، قىزارغان يۈزى، بەستلىك بەدىنىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان يوغان قورسىقى، ئوتتۇرا بويى تۆگىلەرنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزاق تىكىرقىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ غايىبتىن كېلىپ قالغان بۇ «ئولجا»نى ئېلىپ كېتىشنى ئويلىدى ۋە قورقۇمسىرىغان ھالدا تۆگىلەرگە يېقىنلاشتى: بىر قەدەم... ئىككى قەدەم...

ئۇ ئاخىر تۆگىلەرنىڭ قېشىغا كەلدى. تۆگىلەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. توختاخۇننىڭ يۈرىكى خېلى ئۆستىگە چىقتى ۋە ئۈنلۈك قىلىپ: «چۆك» دەپ ۋارقىرىدى. ياۋاشراق بولسا كېرەك بىرسى ياتاتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىردىن - بىردىن ھەممىسىنى چۆكتۈردى. قالغانلىرى ئەگەشكەنىدى. ئەمدىلا بىرىگە مىنىپ تۇرۇۋىدى، يەنە بىر تۆگە ھۆركىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. توختاخۇن چۆچۈپ ئەتراپقا قارىۋېدى، يىراقتىن بىر كىشى قول پۇلاڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. توختاخۇن مىنگەن تۆگىمۇ ئورنىدىن تۇرغىنىچە باشقا تۆگىلەرگە ئەگىشىپ، ھېلىقى ئادەم كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. توختاخۇننىڭ جان - پىنى چىقىپ، تۆگىگە مەھكەم چاپلىشىپ يېتىۋالدى، ئۇ چۈشەي دەپمۇ چۈشەلمەيتتى. ئاخىر ھېلىقى ئادەم تۆگىلەر بىلەن ئۇچراشتى. تۆگىلەرنىڭ ھېلىقى ئادەمگە تۇمشۇقىنى سۈركەپ، پۇشقۇرۇپ كېتىشلىرى توختاخۇننى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى.

بېشىغا ئۆرۈمە كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيگەن، ئاق خەسىدە تامبىلىنىڭ بېغى ساڭگىلاپ تۇرغان، پۇتىغا چورۇق تارتقان، كەكە ساقىلىغا ئاق سانجىغان، قاش - كىرپىكلىرى شالاڭلاپ قالغان، مىسرەڭ، قورۇق باسقان چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بۇ بوۋاي خۇددى ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندەك تۆگىلىرىنىڭ بويىنىنى بىردىن - بىردىن قۇچاقلاپ، يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە ياقتى. ئۇ تۆگىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك توختاخۇنغا قارىدى ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟، — دەپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ سالام بەردى. توختاخۇنمۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپلا سالام قايتۇردى ۋە دۇدۇقلىنىغىچە ئەپسىز ھالەتتە تۆگىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بوۋايغا قاراپ:

— ھە، بۇ تۆگىلەر سىلىنىڭمىدى؟ مەن قىزىقىپ... مۇنداق مىنىپ باقاي دېگەن...، — دېدى.

— ھە، ئوبدان بوپتۇ. قايسى يىلى بازاردىن چىققان توغقانلارنىڭ باللىرىمۇ قىزىقىپ مىنىپ ئوينىغانىدى. بەك مەرى ئىسسىق بۇ تۆگە دېگەننىڭ. ھايۋان دېگۈمۇ كەلمەيدۇ بۇلارنى. مانا يايلاققا قويۇۋەتكىلى ئۈچ ئاي بولغان. ئەمدى يۈك ئالدىغان ۋاقتى كەلدى. ئىزدىگىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئەمدى تاپتىم. يۈكنى ئەۋەتمىسەم يازنى چىقىرالمايدۇ. ئۆزلىرى نەگە ماڭغان ئىدىلە؟

— ھە مەن قۇراملىق تېغىدىن ئۆتىدىغان دەريادىن قاشتېشى تېرەيمىكىن دەپ چىققان. ئازراق قەرزگە كىرىپ قېلىپ شۇ...

— ھە، ھازىر تازا ۋاقتى ئەمەسمىكىن دەيمەن. سۇ

بەك ئاز، بۇرۇن ئېقىپ كەلگەنلىرىنى تېرىپ بولدى ھەقچان. ھەر كۈنى ئادەم ئۈزۈلمەيدىغۇ ئۇ يەرلەردىن...

سەزگۈر بوۋاي سۆزلىگەچ، توختاخۇننىڭ لاسىدە بوشاپ كەتكەن بەدىنى ۋە سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە:

— بالام، قارىسام دىتى بار بالا ئوخشايسىز كۆڭلىڭىز يۇمشاقكەن.

بايا تۆگگە مىنگىنىڭىزگە قاراپ بىلگەنمەن. تۆگگە ئامراق ئادەمنىڭ كۆڭلى يۇمشاق كېلىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن قەرزلىرىنى ۋاقتىدا قايتۇرغۇلۇق. مۇشۇ ئوغۇل بالىدارچىلىقىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ، سىزگە بىر شەپقەت قىلاي، مەن ئون نەچچە كۈن بۇرۇن كۆرۈپ قويغان چوڭ بىر پارچە قاشتېشى بار ئىدى، ئۇنى يۆتكىيەلمىگەن. مېنىڭ ئوغۇل بالام يوق. ئىككىلا قىزىم بار ئىدى. ئۇلار ئىككىلىسى يىراق بىر كەنتتە ئۆي - ئوچاقلىق بولغان، ئارىلىقى يىراق، تېلېفون ئىشلىمەيدۇ. شۇڭا كۈيئوغۇللار كەلگەندە دەپ ئۇلارغا ئالدۇراي دېگەن. بوپتۇ، سىزنىڭ رىسقىڭىز بار ئوخشايدۇ. كۈيئوغۇللارغىمۇ خۇدايىم بېرەر. مەن تۆگىلەرنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلەي. سىز ئاڭغىچە بېرىپ تاشنى يۆتكەپ، مىنگۈچىڭىزگە (موتوسىكلىت) تېڭىپ تەييار تۇرۇڭ...

توختاخۇننىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. «بۈگۈن خۇدايىم بەردىمۇ نېمە ماڭا؟»

ئۇ ئالدىراپلا سورىدى:

— ھە، بوۋا! قاشتېشى قەيەردە؟

— مۇشۇ يولدىن ئۇدۇل مېڭىپ كامشۇك دېگەن يەردىن ئۆتۈپلا سولغا قايرىلىسىز. بىردەم ماڭسىڭىز ئاچا يولغا دۇچ كېلىسىز، سول تەرىپى چىمبۇلاقا باردۇ، بىر چىغىر يول بار، شۇ يولدىن مېڭىڭ. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن يېتىپ بارىسىز. يۈز نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر ھاڭ بار جىلغىغا كەلگەندە توختاپ، تۆۋەنگىرەك قارىسىڭىز، بىر يانتۇلۇق بار. شۇ يانتۇلۇقتىن چۈشسىڭىز دەرياغا كىرىسىز، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا غەلۋىرچىلىك بىر كىچىك تۆشۈك كۆرۈنىدۇ، شۇ تۆشۈككە بېشىڭىزنى تىقىپ قاشتېشىنى تارتىپ ئالسىڭىز بولىدۇ.

— ھە ماقۇل، ئەمما سىلى قاچانىراق باردىلا ئۇ يەرگە؟

— سىز مېڭىۋېرىڭ بالام، سىز ماڭىدىغان يول ئۇزاقراق، مەن ئۇدۇللا بىردەمدە چىقىمەن.

— ۋاي، ئېگىز داۋانلاردىن قانداق ھالقىپ ئۆتىدىلا؟

— نېمە دەيسىزوي، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ شۇ داۋانلاردىن ئۆتۈپ ياشىغانمىز، ئاتا - بوۋىلىرىم يۇرت بازىرىنى كۆرۈپ باقماي ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ماڭا كەلگەندە يوللار تۈزۈلۈپ، يۇرت بازىرىنى كۆردۈم. ئەمما ئەمدى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەي دېگەندە «ئالەم كەچ بولۇپ» قالدى ماڭا، — بوۋاي ياش يالتىرىغان كۆزلىرىنى توختاخۇندىن ئەپقېچىپ، ئۇياق - بۇياققا قاراشقا باشلىدى. توختاخۇن بوۋايغا قاراپ:

— بوۋا، سىلىچە ئۇ قاشتېشىنى قانچە پۇلغا ئالار؟

— كەم دېگەندە 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ...

— ھە، ياخشىكەن، رەھمەت سىلىگە. ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، سىلى تېزرەك يېتىشسىلە.

— ماقۇل ئەمىسە، ھېلى كۆرۈشەيلى بالام.

ئۇلار شۇنداق خوشلاشتى. بوۋاي تۆگىدىن بىرنى چۆكتۈرۈپ مىنىپ يولغا راۋان بولدى. قالغان تۆگىلەر تاش ۋە يانتاق قاپلىغان يايلاقتا ئىگىسىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ چاپقىنىچە كېتىپ قالدى.

توختاخۇن بولسا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە چۆچۈپلا تېز - تېز چامداپ موتوسىكلىت يېنىغا قاراپ ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ توختاخۇن بوۋاي كۆرسەتكەن كۆرسەتمە بويىچە مېڭىپ، يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولدى. نەچچە قېتىم ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى قاشتېشى تەرگىلى چىقىپ، ئاغىنىلىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا ئۇچرىمىغان قاشتېشىدىن رەنجىگەن توختاخۇن چىقمىغىلى ئۇزاق بولغانىدى. بىراق يۇقىرى ئۆسۈملۈك، قورقۇنچلۇق قەرز ئۇنى يەنە چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇدا ئۇ يالغۇزچىقىشنى نىيەت قىلىپ چىققانىدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا غەلىتە بىر خىيال كىرىپ قالدى. «ھېلىقى قاشتېشى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشسا، قەرزىم نەق تۈگەيدىكەن. بۇ ئازابلىق كۈنلىرىممۇ ئاخىرلاشقۇدەك. ئاخىرلاشسا تاۋ-

كادا مېنى سۇندۇرغان، كەمسىتكەنلەرگە پۇل دېگەننى تازا كۆرسىتىپ قويمىسام ھېساب ئەمەس... ئەمما بوۋايغا يېردەمنى بەرسەم يەنە تۈگىمىگۈدەك بۇ قەرز...»

ئۇ يەنە لاسسىدە بولدى ۋە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، تۇيۇقسىز كۆڭلىگە يېڭى بىر خىيال كەلدى. «توغرا، بوۋاي ھەتتا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ سورىمىدى، بىلمەيدۇ...»

ئۇ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. كۆزلىرى ئويناپ، يۈرەكى ئىچىگە پاتماي ھازىرلا بەدىنىنى يېرىۋېتىدىغاندەك تېپچەكلەپ، پۈتۈن بەدىنى يېنىكلەپ، ئۆزىنى ئاۋۇ قارلىق تاغ چوققىسى بىلەن ئاسماننى ئۇلىغۇچى ئاپپاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقاندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى.

* * *

— كۆزىنى ئاچتى، كۆزىنى ئاچتى.

توختاخۇن، ئەتراپىغا ئولىشىپ، كاللەكلىشىپ ئۆزىگە قاراۋاتقان چىرايلارغا قارىدى، نۇرسىز كۆزلىرى خۇددى ئەينەك يۈزىگە سۇ تارىلىپ كەتسە چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىغاندەك، ھېلىقى چىرايلار غۇۋا كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— بۇ قەيەر؟ ئۇ ئەندىكىپ سورىدى ۋە ئەتراپقا قارىدى. دېمەك، خۇنۇكلۇكىدىن بارا - بارا روشەنلىشىپ كۆرۈنۈۋاتقان چىرايلارغا سەپسالدى.

بىرى خوتۇنى، بىرى يىغلاۋاتقان ياشانغان ئانىسى، يەنە بىرى بولسا چوڭ ئوغلى قەيسەر ئىدى.

— مىجەزىڭ قانداق بالام؟ — ھەرنىم بولسا...، ئانا بوغۇلۇپ يىغلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— قانداقراق بولۇۋاتىسىز؟ ئاغرىۋاتامدۇ؟ خوتۇنى چىرايىنى ئەنسىزلىك قاپلىغان ھالدا ئەھۋال سوراۋاتاتتى، خوتۇنىنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىققان بولسىمۇ، ھېچقاچان ھازىرقىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ باقمىغانىدى.

بالىسى قەيسەر بولسا ئاڭگىراپلا قالغانىدى.

توختاخۇن گەپ قىلىشقىمۇ مادارى يەتمىگەندەك ھالسىزلىنىپ قالغان بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

شۇ ئارىدا مەسئۇل دوختۇر كىرىپ، تەكشۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن سېستىرالارمۇ ئوكسىگېن باكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشتى، توختاخۇننىڭ بېشى تېڭىۋېتىلگەن، بىر پۇتىمۇ تېڭىپ ئېسىپ قويۇلغانىدى.

شۇ تەرىقىدە ئون مىنۇت ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. بىردىنلا ئانىسى ئېسەدەپ يىغلىغاچ سۆزلەشكە باشلىدى:

— خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ بالام، ئۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا بوۋايغا ئۇچراپ ھېلىمۇ ساق قاپسەن. خۇداغا مىڭ شۈكۈر. خۇدايىم ئاق كۆڭۈل، ياۋاش بەندىلىرىنى قارا كۈنگە قويمايدۇ. ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، ساق قالدىڭ. بولمىسا ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى بالام...، — موماينىڭ قالغان گەپلىرى توختاخۇننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى ئۇنىڭ كۆز ئالدى غۇۋالىشىشقا باشلىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى يوغان بىر پارچە ئاپپاق قاشتېشى كەلدى. ھېلىقى قاشتېشى ئاستا - ئاستا ھاۋادا لەيلەپ، پارچە - پارچە بولدى. ئارقىدىن سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ شىلانكا ئارقىلىق، ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى.

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە، مۇئەللىمە.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).

ئەنۋەر ئاشتۇمۇر

# جانانغا خەت

(نەسر)

1

ئىشق دامىدا ئۆلگىنىم مۇئەييەنلەشكەندە، زۇلفىڭ دارىغا ئېسىلىپ تىرىلىشىم، ئەرش نىگاھىنى ئىنئام ئېلىشىم مۇقەررەردۇر، ئەي جانان !

غار ھالىتىدە قەۋەتلەنگەن دۇنيائىي ئەزىم سەيناسىنى كېزىپ ساڭا، سېنىڭ دار ھەم غارلىرىڭ پايانىغا يەتمەك ئۈچۈن ئىشق سازىنى چالغايمەن، بۇ جەريانلارنىڭ ھاسىلىي بەھرى جانانلىق پەزىلىتىگە ئالاقىدارلىقى بىلەن ماڭا ھەم ساڭا ئوخشاشلا بىر سىناق !

2

جانانىم بولۇپ تۆرەلمىگىنىڭ ئۈچۈن ئاھۇزار ئېتىشىم بىھاجەت زوقۇمنى تارتىپ ھېسلار ساماسىدا ئۈچۈرغىنىڭغا مىڭلارچە شۈكۈركى، نىگاھلار سەتھىدە نۇر بولۇپ پارلىمىقىم، گۈل بولۇپ ئاچىلمىقىم، كۈي بولۇپ جاراڭلىمىقىم بۇ دۇنيا ھەققى ئۈچۈن راۋا ھەم داۋادۇر. سېنى ئىزاھلىشىمنىڭ ئورنى يوق، سەن دۇنيانىڭ قولىدا پۈتكەن گۈزەل نەمۇنە، دۇنيانىڭ قەلبىدە كۆلگەن ھۆر مەبۇدە...

3

دۇنيادا ئىزلار خاتىرىسى، يوللار مەرمەھتى نامايان. راست، سەھرا، دۇنيانىڭ قەلبىگە بارىدىغان، دۇنيانىڭ پاك نۇسخا-ئۆرنەكلىرىنى تاماشا ئېتىدىغان ئەسلىي يول ئىدى. مەن ئاشۇ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ مۇراد گۈل-غۇنچىلىرى ئۈزۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلساممۇ، ئەمما شەھەر غارى ۋە ئۇندا تۇرۇلۇپ تۇرغان مەجبۇرىيەت تۇمانلىرى مېنى، مېنىڭ چىقىش نۇقتىلىرىمنى، چەكسىزلىك زوقۇمنى ئىختىيارسىز بىر ھالدا توسۇپ، چەكلەپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ قەلبىم يەنىلا سەھرادا، دۇنيانىڭ چىن ۋە تازا ئېتەكلىرىدە، كۆچكە كۆچ بەرگۈچى كۈيدار ۋەزنىلىرىدە ئىدى. سەھرانىڭ چىغىر يوللىرىدا ساپ تىنىقلارنى تىڭشاش، ئاشۇ يول بىلەن دۇنيانىڭ قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئەڭ گۈزەل نۇسخا-نەمۇنىلەردىن ئىلھام ۋە زوق ئېلىش مەن ئۈچۈن شېرىن بىر چۈش ئىدى. چۈش — ۋاقىت تېڭى ئاتمىغان كېچە، روھ چېچەك ئاچمىغان قىش، ھەرىكەت بەرىكەت يايمىغان سۈكۈت ئىدى...

ئېھ، جانانە، چۈشكە مەھكۇم تەقدىرى قىسمەتنىڭ سىرىنى چەك ئۇقۇمدىن ئىدراك قىلغىنىڭدا، قارارگاھلىق چەكسىزلىك ئۆزرە ۋەتەن تۇتىدۇ. نېملەرنى كۆرۈشۈم نامەلۇم، نەزەرىم چۈش قۇچىقىدا كۆلمىش مەۋھۇم دۇنيادا قانات يايىدۇ. دەرھەقىقەت، بىز چۈش ئىچىدىن كېلىپ، چۈش ئىچىدە ياشاپ، چۈش ئىچىگە كىرىپ كېتىمىز. ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ، قېپقالىدىغىنىمۇ ئوخشاشلا چۈش، چۈشسىمان ئەسلىمە ۋە خاتىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. رېئاللىقنىڭ چېگراسى نەدە، بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت ھەر بىر باشلىنىش ھارپىسىدىكى ھاياجانلىق دەملەرلا رېئاللىققا گۇۋاھتۇر.

چەكلىك نېسۋە!... بۇ بىزنى ھېسلار زامانىدا چايقىغان ھاياتنىڭ چىنلىقى، ئاڭا تەپسىر شۇ: بىز چۈش قۇچىقىدا، بارلىقنىڭ تىۋىشى ئاڭلانغان جايدا، ئۆزىنىڭ ئۆزگە تۇتاش سوزۇلغان مۇساپىلىرىدە...

4

ھەر دىشۋار ئەسناسىدا ئاقىۋەتنىڭ ھۆكمىنى ئىدراك قىلغان بولساممۇ، ئەمما يەنىلا سەپەرلىرىمدىن، ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە، ئۆزۈمدىن ساڭا ۋە دۇنيا غارىغا بەرقارار مۇساپىلەردىن قايتمىدىم. چەك ئاتلاش ئىشتىياقىدا سەپەرلەردىن سەپەرلەرگە تۇتىشىپ، ئاقىۋەتنىڭ ھۆكمىگە نىشانەن ئۆڭگۈسىر-تىلسىمنى يېشىمەن. جەريانلاردا، پەسىللەر مەسالى ئېتەك يايغان قاتلاممۇقاتلام بوشلۇق ۋە ئىمكانلاردا ھۆر پەرۋاز ئېتىپ دۇنيانىڭ قەلبىگە قونىمەن. ئۈنلىرىم سۆھبەتلەرگە، سۆھبەتلىرىم ھەر كۆڭۈلكى ئىشىك چېكىپ كېلىدىغان سەھەر مۆجىزىلىرىگە نىشاندۇر.

5

جىقلا يىللارنى ئۇزاتتىم، ئاڭا كۆز تالدۇرما، خاتىرىلەرنىڭ قېلىن بەتلىرىدە مىڭلارچە ھېكايە-داستان، جىمىرلاۋاتقان نۇر شوللىرىمدا بارچىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ھەم مۇجەسسەم. ئاشۇ يىللار قويىنىدا بىر ئارمانلىق سەھەر تىمسالىدا ئىشىكىڭنى ھەمىشە غايىبتىن چېكىپ ئۆتكىنىم راست. ئېھتىمال سەھەر پەيتىگە ئىنتىزاردۇرسەن، ئېھتىمال سەھەر پەيتى بولغاندۇر، ئېھتىمال سەھەرنى، سەھەر مۆجىزىلىرىد-

نى ھەقىقىي مەنىدە ئىدراك قىلىپ بولالمىغانسەن. مېنى توسىما، جەريانلارنىڭ ھەققى ئۈچۈن سەپەرلىرىمدىن، سەپەرلىرىم پەللىسىدە كۈلمىش سەھەر مۆجىزىلىرىدىن، ئۆڭگىنىكى ئەلچىلىك بۇرچۇمدىن كېچەلمەيمەن. گۈللىرىڭ شېخىغا يېتىپ پورەك ئاچقىنىدا، ۋەسلىڭ گۆزرە زاھىرلاقىمدىن ھەيرەتتە قېلىشىڭ چوقۇم. سەھەرلەردە سۆيۈشۈشلەردىن ئىپتىخار تاپقان ھۆر تۈيغۇلار خاتىرىسى بۇ ئاقىۋەتنىڭ شەنىگە ئەبەدىي گۇۋاھتۇر.

6

كۈلۈمسىرەشلىرىم بىر تېپىشماق، ئۇندا پىنھان تەسەننا پەزىلگە يېتىشكە ئىلاجسىز ئىكەنلىكىڭ راست. يېنىش-يېنىشلاپ تىكىلگىنىڭدە كۆزلىرىم ئۇپۇقىدىن ئارمانلىق سەھەر شولىلىرىنى كۆرەلىشىڭ ئېھتىمال. بىرلىك ئىمكانى يوق تۈنلەردىن ئۇزاپ كەتكىنىم، نىجادىيەتسىز مەزھەپ-مەپكۆرە سارايلىرىنى تەرك ئەتكىنىم، سەھەر دەملىرىدە ئىپتىخارەن تاشقىنىم يېشىمىڭگە ھەق ۋەزنىدىن ئەينى مەنە جاۋاھىرلىرى تەقدىم ئەتسەكەن، ئىلاھىم !

7

يېشىم پىنھان ھەر زامان، زۇۋانىم ئوت ئىچرە گۈلخان. ناتىۋانلار چۆلدە ساياق يۈرسەممۇ، ئەمما جېنىم زىلزىلىلىرىدە گۈل پەرۋىشى ئېتىپ ئىپتىخار تاپقىنىم، مەنزىلى گۈلىستان شەنىگە گۈل تۇتۇپ بارمىقىم ئەقلىڭنى لال ئېتىدۇ، ئەي جانان!

شەرھ-تەپسىرگە ئىمكان يوق، گۈل شېخىدا تىكەنلەر ئۆزرە شىكەستىدۇرمەن.

قىزىلگۈل بەرگىدىن يۈرىكىم يارىسىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەيسەن.

سۈكۈتلۈك ناۋالىرىمنى ئىشقنامەم قۇرلىرىدىن ئويچان ئاڭلىغايسەن.

شامالچە ئىختىيار ۋەسلىدىن جۇدا مەھكۇم قەدەملىرىمنى غار ئىچرەن پىنھان ئويلىرىمدىن بىلگەيسەن.

جانان، دەپ نىدا قىلغانلىرىم جانان سىرىنى ئاشكارا ئېتەلمەي سۆز پاخالىغا ئايلانغىنىدا، رەڭگى رۇخسارىمنى ئاشۇ پاخالى سامان رەڭگىدە خىيال ئەتكەيسەن.

جانان، دەپ پىدا ئەتكەنلىرىم جانان ۋەسلىنى ئىنئام ئېتەلمەي يوچۇن تارىخقا ئايلانغىنىدا، تۇرقى ھالىمنى گويا بىر دىۋانە-قەلەندەر سۈرىتىدە يادىڭغا ئالغايسەن...

8

جانانغا يېتىشكە ئىمكان يوق، جانان كۈلمىش سەھەر مۆجىزىسىنىڭ پارلىمىقى مەن ئۈچۈن يەنىلا بىر ئارمان.

ئەسلىمىگە ئايلىنىپ ناتىۋان كۆڭۈللەر زوقىغا تىرەلسەم، بۇ كەچمىشلەر سىرىنى يېشىشكە ئىلاجسىز جانان پەزىلىدىن ئاھسىنىشىم مۇقەررەر. شۇڭا يوقلۇق ئارا چايقىلىش دەھشىتى يۈرىكىمنى ئارمانلىق سادالارغا تولدۇرغاندا، يول قىممىتىدە تاشقىنلاپ باغلىرىڭغا سوزۇلغىنىم سوزۇلغان...

بۇلبۇل ئىدىم، بۇلبۇلسىز باغلارغا ھەمدا.

بۇلبۇل ئىدىم، قىزىلگۈل بەختىگە ھەمراھ.

بۇلبۇل ئىدىم، نۇر ۋە كۈي بەھرىدە ئېچىلمىش پاك غۇنچىلارغا شەيدا.

بۇلبۇل ئىدىم، تاڭلار جارچىسى، ھەر نەپەستە بىر ئوتلۇق ناۋا ئەيلەيدىغان...

9

جاناندىن خەۋەر يوق، تىمتاستۇر دۇنيا،
موھتاجلىق چۆلدە يۈرەرمەن تەنھا.
زۇۋانىم مەھكۇمدۇر، دىلىم شىكەستە،
تۇپرىقى ۋەتەندە مۇساپىر گويا.
جانانسىز ئۆتمىكىم تەقدىردىمۇ ماڭا،
ئۇزايمەن تىلسىملىق كەچمىشلەر ئارا.
ئىزھارىم قەلبىڭنى ئەتمىسۇن يارا،
يادىكار بۇ نامە، بۇ تارىخ ساڭا.
جانلارنىڭ ئۆركىشى، بۇژغۇنلىرىدا،
ياشنايدۇ غارسىمان سېھىرلىك دۇنيا.
غار ئىچرە مىڭ ئۆلۈم پەيتى پۈتكەندە،
جانان بوپ شېخىڭغا قونىمەن ئاستا.
نەھاجەت يىغىنىڭ رەھمىتى بىرلە
مۇناجەت توپانى ياسىماق يانا.
كاج ئىشق تۈنىنىڭ قىسمىتى شۇنداق،
كەلمىشى نامەلۇم، چىگىش تېپىشماق،
ئۇچقۇنلار چاچرىتىپ ئوتلۇق جېنىمدىن
پەرۋىشكار روھىڭغا ئېيتىمەن سانا.
چوغلىنار قەلبىڭنىڭ ئىچكىرىسىدە
گۇۋاھ بوپ بارچىگە
يارقىن ئىز سېلىپ
ۋىسالغا تەلپۈنگەن ھەر گۈزەل ئەسنا،
پاك زامان ئەكسى بار تاڭلارغا نىشان،
گۈل ئاچار پەسىللەر قوينىدا بەرنا!

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى.



ئادىل تۇنىياز

# سۆز بوشلۇقىدىن ئالەم بوشلۇقىغا

(ئالەم شېئىرىيىتى ئېقىمى خىتابنامىسى)

**1. قۇياش يورۇتقان شېئىرىي تەپەككۇر**

بىز قۇياشنى كۆرگىلى ئۇزاق بولدى. بىر تال ئۇرۇق تاش - تۇپراق يېرىپ بىخ سۇرۇپ چىققاندا، بەچچىداندىكى قاراڭغۇلۇقتىن ھاياتلىقنىڭ يېنىك ئاياغ تىۋىشى چىققاندا، ئادەمسىز چۆلدىن ياكى سۇرلۇك ئورماندىن ئۇشتۇمتۇت ئادەم چىققاندا بىز ئۇنى كۆردۇق. بىز قۇياشنى كۆردۇق. ئۇپۇقتىن قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، سۇدىن قۇرۇقلۇقلار كۆتۈرۈلگەندە، تاغ - دېڭىزلار ئاستىدىن ۋولقان كۆتۈرۈلگەندە، ئاسمان - پەلەك بىنالار بار ھەيۋەت شەھەرلەرگە ئۇشتۇمتۇت دېڭىز - ئوكياندىن شىددەتلىك تاشقىن كۆتۈرۈلگەندە...

بىز كۈننى كۆرگەندە كۈن ئاسمانغا قوزۇقتەك قېقىلغانىدى. قارىماققا كۈن ئايلىنىۋاتقان، ئەمما ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن ۋاقىت نورمىسى بىرىنچى كۈندىن يەتتىنچى كۈنگىچە ئىنتايىن ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقىلغانىدى.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە يەر شارىنىڭ دەرۋازىسى نۇر بىلەن ئەكس ساداسىز قېقىلغانىدى. بىز تاشقىرقى ئۆيگە كىرگەندە كۈن، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەندە ئاي - يۇلتۇزلار يېقىلغانىدى.

بىزنى ئارام ئالغاچ تەييار يېسۇن دەپ شاخلارغا ھەر خىل تەملىك مېۋىلەر ۋە ئۆزى خالىغاننى ئېتىپ يېسۇن دەپ قاسىراقلىق قاسىراقسىز دانلار ئېسىلغانىدى.

بىزنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ رەڭگارەڭ قاناتلىقلار ۋە تۆرلۈك ئاياغلىقلار بېقىلغانىدى...

بىز قۇياشنى كۆردۇق، ئاپتاپ كۆرگەن شەرقتىكى سەلتەنەتلىك شەھەرلەردە، قۇياشقا ئاتاپ ئىبادەتخانىلارنى سالغان، ئاندىن بۇ توغرۇلۇق ئۆلمەس ئەپسانىلەر قالغان غەربتىكى شانۇ - شەۋكەتلىك ئەللەردە، توپ - توپ كىشىلەر سىرلىق ئۆلگەن ۋە قۇياشسىمان كۆمگەن تەكلىماكاندىكى قەبرىلەردە نىل يا ئاموزون دەريا بويىدىكى قۇياش ئويۇلغان تاش بەلگىلەردە، دۇنيانىڭ ئوخشاشمىغان بۇلۇڭلىرىدىكى ئالتاي تاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئەڭ قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرىدە قۇياشنى كۆردۇق.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە كۆرمىگەنلەر بار.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە ئۆزلىرى ياسىغان چىراغنى كۆرگەنلەر بار.

بىز قۇياش يورۇتقان ھازىرنى كۆرگەندە ھازىردىنمۇ يىراقنى كۆرگەنلەر بار.

بىز قۇياشنى كۆردۇق. ئۆزىگە يېڭىنچىلىكمۇ قالماي ئالەم تەنھالىقىغا قۇياشتەك چۆككەندە ئىچى يورۇپ كەتكەن ۋە ئىنسانىيەتنى يورۇتۇۋەتكەن ئۇلۇغ كىشىلەردە قۇياشنى

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

كۆردۇق.

بىز قۇياشنى كۆرگەندە ھاياتتا قۇياشنى ئۇنتۇپ قالغانلار كۈندۈزدىمۇ قاراڭغۇدا قالدى.

بىز قۇياشنى ھەر كۈنى يېڭىدىن كۆرگەندە قۇياشقا ئادەتلىنىپ قالغانلار ياكى مۆجىزىگىمۇ پەرۋاسىز قارايدىغانلار مەۋجۇتلۇق نۇرىنىڭ تېشىدا قالدى. نۇر ۋە ھارارەت يول مەرى سوغۇق دۇنيادا ھاياتلىق ئېنېرگىيەسى تۆكۈلگەن، نەشانىسىز ئايلىنىپ يۈرگەن سەييارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

بىز قۇياشتىن ھەر دەقىقىدە كائىناتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىدۇق. بۇ يۈرەك سوقۇشىدا يورۇقلۇقنىڭ ئالەمگە تارقىلىشى، يەر شارى ۋە باشقا پلانېتالارنىڭ قۇياش ئەتراپىدا قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى ۋە دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ چايقىلىشى بار.

بۇ يۈرەك سوقۇشىدا ئىنسانلارنىڭ يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشى، ئازغۇن مەدەنىيەتنىڭ ئاستا - ئاستا خارابىلىشىشى سىرلىق پەرھىزلەر ۋە يېڭى تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بار.

كائىناتنىڭ بۇ يۈرەك سوقۇشىدا يەنە سەكراتتىكى ئادەمنىڭ ئاچچىق جان تالىشىشى، كارىۋاتتىكى ئەر - ئايالنىڭ ھاياجانلىق ھاسىرىشى ۋە ئەمدىلا كۆز ئاچقان جاننىڭ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشى، نېرىپلاردىن قىلدام تومۇرلارغىچە بەدەندىكى بارلىق ئەزالارنىڭ تەڭ ھەرىكەتلىنىشى بار.

بىز قۇياشتىن شۇنى ھېس قىلدۇق: ئالەم بىر رىتىمدا، يەر ئاسماندىكى ھەر نەرسە ئالەمنىڭ چەكسىز مۇھەببەت رىتىمىدا. شېئىر - تۇيغۇ ئارقىلىق ئالەم رىتىمىغا ئەگىشىشتۇر.

**2. دۇنيانىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىشى**

بىز بىر دەقىقە ئىچىدىلا قۇياش نۇرى چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدىن يېنىمىزغا يېتىپ كەلگىنىنى، ئاسمان بىلەن ئاردىلىقىمىزنىڭ شۇنچە يېقىنلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ يەردە مۆجىزە يۈز بەردى. ئەي ھەر دەقىقىدىكى مۆجىزىنى كۆرۈۋاتقانلار! ئەي ئالەم بىلەن سۆزلەر ئارىسىدا قاپىيە ئىزدەۋاتقانلار! ئەي شېئىرنىڭ تىلىدا يوقلۇق بىلەن دىيالوگلىشىۋاتقانلار! شائىر دەپ جاكارلاندۇق، ھەممە نەرسە رەت - رېتى بىلەن تىزىلغان يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا. بىز ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شائىرلىرى، جىمجىت تۇرغان شەيئىلەرنىڭ ئېقىۋاتقان تىل ئېقىمىدا، ھەرىكەتتىكى شەيئىلەرنىڭ سۆز تىمتاسلىقىدا.

بىز ئىنسانلارنىڭ كىچىك بالىسى، ھەيرانلىقتىن ئاغزىمىزنى ئېچىپ قالدۇق ئېيتقۇچىسى بىز بولمىغان خىلمۇخىل رەڭدىكى، خىلمۇخىل پۇراقتىكى، خىلمۇخىل سىياقتىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا، بۇ شۇنداق سۆزلەر بەزىلىرى قاناتلىق، بەزىلىرى ئاياغلىق، بەزىلىرى يول بويىدا قاتار - قاتار توختىغان يېشىل ھاسا تاياقلىق. مەيلى قانداق سۈپەتتە بولسۇن بىز بارلىقنى بىر دەپ بىلىمىز. تىلىمىز ئۇنى كۆرسىتىدۇ، دەرەخ ئۇچى ئاسماننى كۆرسەتكەندە، قۇياش زېمىننى كۆرسەتكەندە، كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقانلارنىڭ قەلبى تاشتىن باشقىنى كۆرسەتكەندەك، ئاخىر بارچە مەۋجۇتلۇق ئۆزىدىن ئۆزگىنى كۆرسەتكەندەك، دۇنيا بىزگە كۆرسىتىلدى.

بىز پەقەتلا تىل بەلگىسى ئارقىلىق كۆرسىتىمىز سۆزلىگۈچى بىلەن سۆزلەنگۈچى ئارىسىدا رېئاللاشقان، تۇيغۇلاشقان، نۇر تېزلىكىدە بىر - بىرىگە يېقىنلاشقان چەكسىز بىر مەنىنى.

دۇنيا بىزگە نۇر بىلەن كۆرسىتىلدى، ئىچىدىن ماددىنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلغۇچى نۇر چىقىرىپ تۇرغان ئەڭ كىچىك ئېلېكترون زەررىچىلىرى بىلەن سىرتىدىن ئەڭ زور تۇرغۇن يۇلتۇز — قۇياش بىلەن؛ بىز كۆرسىتىلگەننى كۆرسەتكۈچى، ئالەم رىتىمىغا تەڭكەش ھەرىكەتچان تىل بىلەن، تۇيغۇغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان يۇمشاق، سۈيۈق ياكى قاتتىق تىل بىلەن.

بۇ جەريان شېئىردۇر. مۇكەممەل بىر شېئىر بىز كۆرەلمەيدىغان كۆرسەتكۈچنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا ئارقىلىق ئىشارە قىلغۇچىنى «مەنە ئاشۇ» دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مۇمكىن بولمايدىغاننى كۆرسىتىشتۇر.

ھەر دەقىقىدە ئالەمنىڭ ئۆزىگە نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەگەك شائىر بارلىقنى مىستىك تۇيغۇدا كۆزىتىدۇ. ئۆز بارلىقىدىن كۆز كۆرمەيدىغان يوقنى سۆز ئەينىكىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توپىغا ئالەم تىلىدا جان بەخش ئېتىدۇ، ھەر شەيئىنى ئىنسان تىلىدا سۆزلىتىدۇ. يوق ئىدۇق، بار بولدۇق، جانلاندۇرۇلدۇق. بۇ نېمىدېگەن قالتىس ماھارەت!

ئەي ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شائىرلىرى، بىز ئۇ-

نىڭدىن ئۈستىلىستىكا ئۆگىنەيلى. قاراڭلار! دۇنيانى بىزگە
كۆرسەتتى، ئىشارە بىلەن، ۋاستە بىلەن، ھەر نەرسىنى باشقا
نەرسە بىلەن؛ بارلىقنى بىر مەنە بىلەن، بىر مەنىنى چەكسىز
شەكىللەر بىلەن ئەمدى بىز سىمۋول ئورمىنىغا كىرىپ
قالدۇق، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، قۇياش بۈيۈك كۆ-
رۈندى، لېكىن قۇياشنى كۆرسەتكۈچىنى كۆرمىدۇق. بىز بۇ ئۇ-
لۇغۋار سىمۋولنى، شۇنداقلا تۇيغۇ دەقىقىلىرىدىكى مەنىنى ئىپا-
دىلەيدىغان ئۆزگىرىشچان سىمۋوللارنى تاللىۋالايلى.

ئوخشىغۇچى كۆز ئالدىمىزدا ئوچۇق تۇرغان، ئوخشال-
غۇچى بىزدىن ئۆزىنى يوشۇرغان، شېئىرىمىزدا ئاشۇ چەكسىز
ئوخشىتىشلارنى تېپىپ چىقايلى.

مەنە يالغۇز بىر، لېكىن ئۇ ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ بىر ـ
بىرىگە باغلىنىشى بىلەن كۆرسىتىلدى. ئۇنداقتا بىزمۇ سۆز-
لەرنىڭ چەكسىز مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئاشۇ مەنىنى ئىپادى-
لەيلى. بىر سۆزنىڭ كەينىدە كېلىدىغان سۆز گىراماتىكا ئا-
دىتى بويىچە بىز بىلىدىغان سۆز ئەمەس، تۇيغۇدا يېڭىدىن
بىرىكىپ كېلىدىغان سۆز بولسۇن. بىر يەردە كەلگەن يىراق
ئىككى سۆز بىلەن سۆز بوشلۇقىدىن ئالەم بوشلۇقىغا كېڭىيمىز.

بىر ئىسمىنىڭ سۈپىتى بىلەن خالىغان باشقا بىر ئىسىم-
نى سۈپەتلەيلى. چۈنكى بىز دۇنيانى خىلمۇخىل سۈپەتتە
كۆردۇق ـ يۇ، سۈپەتلىگۈچىنىڭ قايسى سۈپەتتىلىكىنى بىل-
مەيمىز. سۈپىتى ھەددى ـ ھېسابسىز بىر سۆز بىلەن ياكى
سۆزنىڭ چەكسىز سۈپەتلىرى بىلەن دۇنيانى سۈپەتلىگۈچىگە —
شېئىرنىڭ مەنىسىگە يېقىنلايمىز.

بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز، تىلنىڭ ۋە تىلىمىزدىكى ھەر
بىر سۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئالەم رىتىمىدىن كەلگەن. ئەي
ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ شائىرلىرى! تۇيغۇنى بويلاپ
ئالەم رىتىمىغا ئەگىشىڭلار، قاپىيەگە ئەگىشىڭلار. شۇندا
مەۋجۇتلۇقتىكى دەقىقىلەر مەڭگۈلۈككە تۇتۇشىدۇ. بىر مىل-
لەتنىڭ تىلى شېئىر ئارقىلىق دەقىقە ئىچىدىكى ئالەمنىڭ تىلى-
غا ئايلىنىدۇ.

ئەي ئۇيغۇر شائىرلىرى! تىلىمىزدا ئۈچ زامانىنى ئىپا-
دىلەۋاتقان پېئىلنىڭ يۆنىلىشىگە قاراڭلار: گويا بىر بۇيرۇق
پېئىل بىلەن چەكسىز ھەرىكەتكە ئۆتكەن كائىناتقا ئوخشاش
تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار پىلانېتالاردەك ھەرىكەتتە، سۆز بىپا-
يان ئۆز بوشلۇقىدا ياتقان، زامانلار ئايلىنىۋاتقان، مەنە ئۇ-
نىڭدىن ھالقىۋاتقان، بىز كائىناتنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا
نۇر بىلەن قاراڭغۇلۇق، كېچە بىلەن كۈندۈز، بار بىلەن يوق
بىر يەردە ئەمەس، لېكىن ئۇلار بىر پېئىلدا، بىر مەنە
ئۈچۈن قوشۇلغان قارىمۇقارشى ئىككى سۆزدە، بىرىنىڭ
باشلىنىشى بىرىنىڭ ئاخىرلىششى بولغان ئىككى مىسرا ئارد-
سىدىكى دولقۇنسىمان ماسلىقتا.

شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇشۇنداق چەكسىزلىككە ئىگە
بولسۇن، بۇ ئىنكار ئەمەس تەپەككۇرنىڭ ئوخشاشمىغان
شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، ئوخشاش مەنىنىڭ قارىمۇ-
قارشى جەرياندىكى بىر گەۋدىسى، ئالەم ئېڭىنىڭ شېئىردا
ئەكس ئېتىشى.

پەرۋاز قىلدى بىر ئادەم
ئاسمان يوق يەرگە.
ئېقىپ كەتتى بىر ئادەم
تېگى يوق كۆلگە.
كىرىپ قالدى بىر ئادەم
ئادەمسىز شەھەرگە.
«مازار يۆتكەش» ناملىق داستانىمدىن

ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى ئەمەلىيەتتە مىستىك تۇيغۇغا
ئىگە شائىرنىڭ ئالەم قارىشى. خۇددى كىچىك بالىدەك
ھەممە نەرسە يېڭى تۇيۇلۇپ، ھەممە نەرسىگە ھەيران
بولۇپ قارىشى، مەنە بىلەن مۆكمۆكىلەڭ ئوينىشى، ئەمەل-
يەتتە ئۇنىڭ ئويناۋاتقىنى تىل، ئۇنىڭ قايتا تىزىپ چىققىنى
تىل دۇنياسى. ئەينەك ئالدىدىكى بۇ بالا ئويۇنىنى ئوينىغان-
سېرى سەگەكلىشىپ كەتتى. ئويۇنىنىڭ ئەسلىدە بىر قائىدى-
سى بارلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ مۇكەممەل بىر تەرتىپ بويى-
چە تىزىلغانلىقىنى ۋە مەنىسى بارلىقىنى سېزىپ قالدى.
بارلىق ئۈستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەتكۈچى بىرسى-
نىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى ئۇشتۇمە-
تۇت تۇيۇپ قالدى.

### 3. ئادەمنى ئىزدەش ۋە ئالەمدىكى ئادەم

تىل مەۋجۇتلۇقىنىڭ شولىسى، شائىر شولىدىن دۇنيانى
ئىزدىگۈچى، ئالەم ئەينىكىگە شولا تاشلىغۇچىنى، مەۋجۇتلۇ-
قىدا دۇنيانىڭ ئۈچىنى ئىزدىگۈچى. شائىر شېئىرلىرى ئارقى-
لىق ئىنساننىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششىنى، ئادەم ئاتىنى
ۋە ئۆزىنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى، يىتكەن قەدىمكى شە-
ھەرلەر ۋە ئۆچكەن مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ئۆزىنى ئىزدە-

ۋاتاتتى. يەر شارىدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن، ئىنسانلار ئۆزىنى ئۇگىشۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن كەڭ كۆلەملىك بالايىئاپەتلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىنسانلار تارىخىدىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەتلەرنى ھالاكەت يولىغا باشلىغان ئازغۇنلۇق قايسى؟ ئاسمان جىسىملىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟ يۇلتۇزلارغىمۇ خۇددى ئۆز ئائىلە ئەزالىرىدەك ئىسىم قويغان، ئۇلارغا ئاتاپ ئىبادەتخانىلارنى سالغان، سىرلىق شەكىلدىكى قورۇلۇشلارنى بىنا قىلغان، كالېندارلارنى تۈزگەن، ھەتتا بۇنىڭدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاسترونوم پادىشاھ ئۇلۇغبەگنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن نۇرغۇن خىراجەت چىقىرىپ كاتتا رەسەتخانا سالدۇرغىنىدەك بۇ ئىشلار بىزگە ئوخشاش پۇل ئۈچۈن باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان يىراق ئاسمان جىسىملىرىغا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتىكى ئادەملەرگىمۇ تۈزۈك ۋاقتى چىقمايۋاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆچىغا چىققان بىمەنىلىك ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلاشقانلىقمۇ؟

مانا شۇنداق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن تەتقىقاتچىلار يىرتىلغان قول يازمىلارنى، قىيا تاشقا ئويۇلغان بەلگىلەرنى، ئادەمنىڭ ئىزىغا ئوخشايدىغان تاش قاتمىلارنى لوپا ئەينەكتە كۆزەتمەكتە. كونا قەبرىستانلىقلاردىن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كاللىسىنى قېزىۋېلىپ موزېيلاردا كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. قايسىدۇر بىر ئارالدىكى ئەڭ ئاخىرقى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى يوقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرمەكتە ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇش ئۈچۈن ئانام سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا تاۋۇشلىرىنى تەكشۈرمەكتە. يەنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ ئىلغار ئىنسانلار زېمىننىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا ئۆزىنى ئىزدىمەكتە. قاراڭلار، تۆگىگە مىنىپ تۆگە ئىزدىگۈچىگە!

ئادەملەر ئالەم كىتابىغا ــ روھ خەرىتىسىگە قارىمىغاندا زامانلار ئارا ئېزىپ كەتتى، بىراق زېمىندىن يىتۇپ كەتكىنى يوق. تاپتىن چىققان مەدەنىيەت ۋە ئازغۇن شەھەرلەر گۇمران بولۇپ تۇردى، لېكىن يەر يۈزىدە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. ئادەملەر تەبىئىي ئىقتىدارىنى توختىماستىن قېزىپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ كەلدى، لېكىن ئادەم ئاتىدىن باشلاپ ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرگىنى يوق.

ئەركىنلىك، چەكلىنىش ۋە ۋەھىمە ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزلۈكسىز ئەكس سادا.

ئەركىنلىك، چەكلىنىش ۋە ۋەھىمە ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلەپ، مەۋجۇتلۇقنى بەلگىلەپ كەلگەن يوقالماس تۇيغۇ.

ئەركىنلىك، چەكلىنىش ۋە ۋەھىمە ئىنسانلارغا زاماننىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روھىي بەلگە.

ئەركىنلىك تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ چەكسىز ھاياتقا ئېرىشىش، ئەۋلاد قالدۇرۇپ ئۆلمەس ئادەمگە ئايلىنىش ئارزۇسىدۇر. بۇ ئارزۇ ئادەم ئاتىنى جەننەتتىن چىقاردى. مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرلىق پەردىسى ئىچىدىكى ئادەمنى، كىچىدىكى ئادەمنى ئوچۇق دۇنياغا يالىڭاچ چىقىرىپ قويدى. بىر سان - ساناقسىز بىرگە ئايلاندى. ئادەم مەندىن ئايرىلدى. ئادەم ئالەم بىرلىكىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى ئىزدەشكە باشلىدى، يالغۇزلۇقتا ئۆزىگە - ئۆزى ئارتۇق كەلگەن ئەر مەۋجۇتلۇقتىكى كەملىكنى توشقۇزالمايۋاتقان ئايالنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ئالەم ئېقىمىدىكى شائىر ھاياجان بولدۇقلاپ تۇرغان سۆزلەردىكى زامان ئارقىلىق زاماننىڭ باش ئېقىمىغا ئاقىدۇ. ئادەمگە كۆز يۇمماي ئادەمنىڭ جەننەتتىكى ئىنتايىن قىسقا ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك دەقىقىلىرىنى ئەسلىتىدىغان مەڭگۈ ياشاش ھەۋىسىنى سۆز ئارقىلىق ئۇزارتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا لەززەتلىك دەقىقىلەرنى مەڭگۈلۈك قىلغۇچىغا مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئالەم بوشلۇقى ئادەمنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ھەر نەپەستە ئىنساننىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلىگۈچى ھاۋانىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە ھېسابلانغان تەركىب مىقدارلىرىدىن باشلاپ، يەر شارى ۋە باشقا پىلانېتالارنىڭ ھەرىكىتىدىكى مۇتلەق ۋە مۇقەررەر تەرتىپ - تۈزۈملەر بىزگە قىل سىغماس بىر ھەقىقەتنى ــ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ چەك ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئالەم ئىرادىسى بويىچە ئادەمنىڭ چەكسىز ھايات ھەۋىسىنى چەكلىگۈچى ئەخلاق تۈنجى قېتىم زېمىندا بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ئىنساننىڭ باشباشتاقلىقىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھازىرقى مۇكەممەل دۆلەت قانۇنلىرى تىكلەنگىچە ئىنسان چەكلىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن توختىماي جازالىناقتا. ئەگەر ئىنساندا ئۆز - ئۆزىنى چەكلەيدىغان دىنىي ئاڭ،

يەنى گۇناھكارلىق تۇيغۇ يوقالسا، ئىنسانىيەت ئۆز - ئۆزىنى جازالاش ئورنىغا چەكسىز ئەركىنلىك يولىغا ماڭسا، ئاقىۋەت قانداق بولماقچى؟ ئېنىقكى بۇ زور قالايمىقانچىلىقتا — ئىنسانلار جەمئىيىتىدىلا ئەمەس، ئالەم بوشلۇقىدىمۇ زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشقا، ئىنسانىيەتنىڭ كۈنى ئاخىرلىشىشقا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى كائىنات ئىنسانىيەت ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. كائىنات — ئىنسانىيەتنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، غايەت زور زاپچاسلارنىڭ بىر - بىرىگە ماس ھەرىكىتىدە رىتىم بىلەن كېتىۋاتقان، خاتالىق پەرقى نۆل بولغان مۇكەممەل قۇياش سائىتى. ئەگەر ئىنسانلار چەكسىز ھايات ھەۋىسىنى چەكلىمىسە ياكى بارا - بارا ئالەم ئىرادىسىگە قارشى يۆنىلىشكە ماڭسا، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رىتىمى قالايمىقانلىشىدۇ؛ ئالەم سائىتى بۇزۇلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ كۈنى تۈگەيدۇ.

قۇياش چەمبەرسىمان، چەمبەرنىڭ ئايلانمىسى 360 گرادۇس، يەر شارىنىڭ قۇياشنى تولۇق بىر ئايلىنىشى 360 كۈن، ھازىرقى بىر يىل 365 كۈن، ئۇنىڭدىن بەش كۈن ئارتۇق. دېمەك ئادەملەر ئالەم سائىتىنى بەش قېتىم بۇزۇپ قويغان. يەر شارى بەش قېتىم ئايلىنىشتىن توختىغان، ئىنسانلارنىڭ كۈنى بەش قېتىم تۈگەپ قايتا باشلانغان. ئىنسانلار توپىنىڭ ھەر قېتىملىق كوللېكتىپ باشباشتاقلىقىنىڭ نەتىجىسى ئالەم رىتىمىنىڭ بۇزۇلۇشىغا، يەر شارىدا ئۇشتۇمتۇت زور بالايىئاپەتلەر يۈز بېرىپ ئادەمزات نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىشىغا سەۋەب بولغان. ئومۇميۈزلۈك تاپىتىن چىقىشنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە غايەت زور ۋەھىمە قالغان، دىنىي ئاڭ ۋە قاتتىق بەلگىلىمىلەر بىلەن ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىپتۇ»، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر»، «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەن ماقال - تەمسىللىرى ئىنسانىيەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىغا يوشۇرۇنغان ۋەھىمە پسىخىكىسىنى تولىمۇ جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن.

بارلىق ۋەھىمىنىڭ يىلتىزى — ئۆلۈم ۋەھىمە ئالەم بوشلۇقىدىن كەلگەن. شۇڭا بىر شەخسكە نىسبەتەن قورقۇش تۇغما، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئىنسان تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىدۇر. ئەقلىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈمنىڭ ئاساسى يوق، ئورنى يوق، ئىنسان تۈزگەن كۈنتەرتىپتە، پىلاندا يوق. لېكىن ئىنسان ئۈچۈن ۋاقتى كەلگەندە ھەر قانداق شەيئى ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى. ئىنسان سىرلىق بىر قاپىيەگە چۈشكەندەك، ئۆلۈم ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەندەك. ئۆلۈم ئىنسانغا نىسبەتەن مەۋجۇتلۇقنى ئەقىل بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان بۈيۈك ئالەم ھەقىقىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئاڭ — ھالاكەتنى باشتىن كەچۈرگەن، روھىي تەجرىبىگە باي قەدىمكى مىللەتلەر يەر يۈزىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن خەتەردىن ساقلىنىش كۈنلۈكى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە، ھاياتلىقنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر توپىنىڭ ئالەم ئېڭى، بىراق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى چەكلەش سەۋەبى ئۇنتۇلۇپ ئۇنىڭدىن قالغان قەدىمكى پەرھىزلەر، ئادەت تۈسىنى ئالغان سىرلىق بەلگىلەر ۋە ئىنتايىن قاتتىق بەلگىلىمىلەر بارا - بارا شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. ئىنسانلار قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن جازالانغان قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر ئۇنتۇلۇپ ياكى قەدىمكى ئەپسانىلەردەك تۇيۇلۇپ، يەر يۈزىدە يېڭىدىن غەپلەت باسقان كىشىلەر توپى قالدى. سىرلىق كوللېكتىپ ۋەھىمە يۇيۇلۇپ، يوشۇرۇن ئاڭدا پەقەت ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئۆلۈمگە قارشى چەكسىز ھايات ھەۋىسى، يەنى شەھۋەتلا قالدى.

ھاياتىمىز ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى ھەر نەرسە تەڭكەش قىلىۋاتقان مۇقەددەس مۇزىكا، ئەي، ئىنسانىيەت! دېرىژورلۇق تايىقى بىزنىڭ قولىمىزدا، ئالەم رىتىمىغا جور بولۇپ ئاستا چالساقمۇ مەيلى، ئەمما ھاياتلىق مەرغۇلىنى ئالدىراش - سالدىراش ماتەم مۇزىكىسىغا ئۆزگەرتمەيلى. ئېغىر ۋە زېمىنىمىز قىيسايغان يەر شارىدا كائىنات ساقلاپ كېلىۋاتقان قىل سىغماس تەڭپۇڭلۇق، ئالەم تارازىسىنىڭ تەڭشىكى بىز. ئەي ئىنسانلار! چەكسىز ھايات ئېڭىمىز ئالەم تەڭپۇڭلۇقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى بۈيۈك ئىدىيەلەرنى بېسىپ كەتمىسۇن!

ئەي ھازىرقى زامان ئېقىمىدا لەيلەپ يۈرگەن دۇنيا شائىرلىرى! شانۇ - شەۋكەتلىك قەدىمكى دەۋرلەردە شائىرلىق تاجى كىيگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دۇر - گۆھەرلەر يۈتمەس - تۈگىمەس ئىلاھ قەسىدىلىرى ۋە ئالەم ھېكمەتلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ تىلىدا تارىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىلىرى ئېچىلغان، ئەتىكى قۇياشنىڭ شولىلىرى

چېچىلغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە كۆزىمىز كۆرۈنگەندىن ئۆزگىنى كۆرەلمەيدىغان، سۆزىمىز بىر دەۋردىكىلەرگىمۇ ئاران ئاڭلىنىپ يۈكسەكلەرگە ئۆرلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟!

ئەي ھازىرقى زامان شائىرلىرى! ئاراڭلاردىن بىر ياۋۇا شائىر 11 - ئەسىردىكى بوۋىسى ئەھمەد يەسەۋىينىڭ تىلىدا سۆزلەرنىڭ كۆلا جەندىسىنى كىيىپ شېئىرىيەت سەھنىسگە چىقسا، 15 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر باخشىسىنىڭ ئوغلى شائىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئالەم خىيالىنى قىلسا ئۇلارغا ئورۇن بېرەرسىلەرمۇ؟ ياق، ياق، ئۇلارنىڭ ئورنى بۇ يەردە ئەمەس، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر بىر سۆزنى بىر يۇلتۇز دەپ بىلىپ مىسرالارنى يول قىلىپ ساماغا مېڭىپ كەتتى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئەخلاقى، ھەرىكىتى، ئىدىيەسى ۋە تۇرمۇشتىكى ۋاز كېچىش ئالدىدا تۇرغان ھەر بىر نەرسىسنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق دەپ قارىدى. ئۇلار كائىناتنى مۇھەببەت ئەۋجىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئاسمان جىسمى بىلەن ئىنسان جىسمى تاشقى ئەزا ۋە ئىچكى ئەزالاردۇر، ئادەم ئۆز ھەرىكىتى بىلەن تاشقى ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلىگۈچى ئالەمنىڭ ئىچكى ئەزاسىدۇر دېدى. ئۇلار بۇنى شېئىر بىلەن دېدى. بىر - بىرىدىن جۇلالىق ۋە يۇلتۇزدەك كۆپ شېئىرلىرى بىلەن دېدى...

مەن بارچە شائىرلارغا شېئىرلىرىم بىلەن شۇنداق خىتاب قىلىمەن: ئەي سەزگۈ گۈلىستانىنىڭ تىل بۇلبۇللىرى! دۇنيا شېئىرىيىتى بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كەلدى، ئالەم شېئىرىيەت ئېقىمى دۇنياغا كەلدى، شېئىرنىڭ ئەڭ يېڭى قەدەملىرى قەدىمگە قايتىپ كەلدى!

2012 - يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئاپتور: شائىر، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىدىن.

---

(بېشى 25 - بەتتە)

— باشلىق، بۇلار باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئاغىنىلىرىمىز ئىدى، ئۆزىمىز كېلىشۋالساق بولارمۇ؟ — يولۋاستەك ھۆركىرەۋاتقان يولۋاسنىڭ باياتىنقى ئەلپازى بىردىنلا يوقاپ، دېمى ئىچىگە چۈشكەنىدى. ئۇ يۈزلىرىدىن ئېقىۋاتقان قانلارنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دېگەچ ھېلىقى ساقچىغا بىر تال تاماكا تۇتتى.

— تاماكاڭنى ئۆزۈڭ چەك!— ساقچى يولۋاسقا قوپاللىق بىلەن دېدى،— ئاغىنىلەر؟ ئاغىنىلەرمىش تېخى! باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئاغىنىلەر دەيسەن، مېھمانىنى مۇشۇنداق كۈتەمسىلەر؟ پېشانەڭگە قاراپ باقە؟ ئاغىنە بولساڭلار مۇشۇنداق ئۇرۇشامسىلەر؟!— بۇ ساقچى كىرگەنلەرنىڭ يېتەكچىسى بولسا كېرەك كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى، — سەن مۇشۇنداق ھاراق ئىچىپ بىر نەچچە قېتىم جېدەل تېرىدىڭ، قالدى گەپنى ساقچىخانىغا بارغاندا دېيىشىمىز، بۇ كېلىشۋالدىغان ئىشەك سودىسى ئەمەس! قانداق بىر تەرەپ قىلىش تېخى كېيىنكى گەپ، مېڭىشە!

ھەممىمىز سالپايغانچە بىزگە نەپرەت بىلەن قاراپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشقان بىر مۇنچە جامائەتنىڭ كۆزىچىلا خۇددى جىنايەتچىلەردەك، ئالا - بۇلىماچ چىراغلىرى توختىماي بىر ئۈچۈپ، بىر يېنىپ تۇرغان ئاق رەڭلىك بولكۋاي ماشىنىغا قىستىلىشىپ چىقىشتۇق. بىز نېمە بولغان ئادەملەر، ھازىر نەگە ماڭدۇق؟ نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدۇق؟ بۇلارنى ئويلىغۇدەك ماجال يوق ئىدى. ئىككى چېكەم ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىماقتا. شۇ تاپتا كاللام قۇرۇق، پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلانغان، يۇمشاق تۆشەك بولسا قانغۇدەك بىر ئۇخلىۋالغۇم بار ئىدى. بىزنى ئەمدى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم، ئۇلارنى ئويلىغۇمۇ يوق ئىدى. ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، باشقا يۇرتتىمۇ جېدەل تېرىپ يەنە تېخى ساقچىخانىغا كىرىپ قالساق، يۇرتقا بارغاندا قانداقمۇ يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمىز دەيمەن؟ شۇنچىلىكلا ئىشكەنغۇ، بىز مۇشۇنچىلىكلا ئىكەنمىزغۇ؟ باياتىن ئۆزىنى بىر ساناپ يولۋاسقا ئايلانغانلار، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئالەمنى بېشىغا كىيگەن نوچىلار ئەمدى يوغانىراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئېغىر سۈكۈتكە پېتىشقانىدى. ساقچى ماشىنىسىنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازى بولسا تىمتاس قاراڭغۇلۇقتا خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

ئاپتور: يازغۇچى، كۇچا ناھىيەلىك سۇپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن.

ئەنۋەر ھوشۇر

# ۋىجدان دەۋىتى

# گۈزەللىك ئىستىكى

(«ھارۋىكەش» ھېكايىسى توغرىسىدا)



«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 5-سانىدا، ئاساسىي قاتلام مېھنەتكەشلىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىغا يۈزلەنگەن ئۆزگىچە يازمىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە رام قىلىپ كېلىۋاتقان ھۆرمەتلىك قەلەم ساھىبى ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلىنىڭ «ھارۋىكەش» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. ھېكايىنى قىزىقىش، ھېسداشلىق، ئۈمىد ۋە غەزەپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىلكىدە تېزلا ئوقۇپ چىقتىم. ھېكايىنىڭ ھەجمى كىچىك بولغىنى بىلەن ۋەزنى خېلىلا ئېغىر ئىدى. شۇڭا ھېكايىنى ئوقۇپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالماي ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك گاراڭ ھالەتتە يۈردۈم. ھېكايە باش پېرسوناژى ھاشىماخۇنىنىڭ تىرىكلىكتىكى بىردىنبىر ئۈمىدى بولغان قەدىناس ئېشىكىدىن ئايرىلىپ، «شاللىرى تۆكۈلۈپ» تۇرىدىغان «ئەبجەق ھارۋىسى»نى سۆرەپ كېتىۋاتقان بىچارە تۇرقى كۆز ئالدىمدىن كەتكىلى ئۇنىماي بەك بىئارام قىلدى. ئېنىقكى بۇ ئۇتۇقلۇق چىققان ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىلا بولىدىغان ئالاھىدە روھىي ھالەت ئىدى. شۇڭا ئاپتورنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆڭلۈمدە مۇبارەكلىدىم ھەمدە كەسپىي ئادىتىم بويىچە ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدىم...

ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، بىر پارچە ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەر تەرەپلىمە ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىكى — تېمىنى تۇرغۇزۇش، يەنى تېمىنى يېزىش. تېمىنى يېزىشتا مۇھىمى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە يېقىنلىشىپ، قالايمىقان، تارقاق، چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى تۇرمۇش دېتاللىرى (ئۇچۇرلىرى) ئىچىدىن ئەسەر ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى، تېپىك نەرسىلەرنى بايقاپ ئىلغىۋېلىش بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى قانداق يېزىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. ئۇستا ئاشپەزمۇ خۇرۇچ بولمىسا ياكى قىسمەن كەم بولۇپ قالسا ئوخشىتىپ تاماق ئېتەلمىگەنگە ئوخشاش، باش تېمىغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرى كەم بولۇپ قالسا ياكى مۇۋاپىق تاللانمىسا، ماھىيەتلىك نەرسىلەر چەتتە قالدۇرۇلۇپ، ھادىسىۋى نەرسىلەر باشقا چىقىۋالسا، ئېنىقكى بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانچە ئىقتىدارلىق يازغۇچىمۇ ئەسىرىگە مۇۋەپپەقىيەتتىن رەڭ بېرەلمەيدۇ. سەۋەبى خۇرۇچ ناچار! ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى مۇشۇ نۇقتىغا يەنى خۇرۇچ تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئې-

رىشتۈرگەن ئاساسلىق ئامىل دېيىشكە بولىدۇ.

بىر پارچە ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا خۇرۇچ (تېما، ماتېرىيال) بەكمۇ مۇھىم، لېكىن بۇ دېگەنلىك خۇرۇچ ياخشى تاللانسىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. بۇ يەردە يەنە تەييارلانغان خۇرۇچلارنى قولايلىق تەرتىپ، مۇۋاپىق نىسبەتتە ئىشلىتىش مەسىلىسى، يەنى قانداق يېزىش مەسىلىسى مەۋجۇت. پەقەت يۇقىرىقى ئىككى تەرەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك جىپسىلاشقاندىلا ئاندىن ياخشى ئەسەر يېزىش مەقسىتىنى رېئاللاشتۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، «ھارۋىكەش» ھېكايىسىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىللارنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەش مۇمكىن:

بىرىنچى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا، ماھىيىتىگە دادىل يۈزلىنىپ، ئۇنى تېپىك، چىن ئىپادىلەش، شۇنداقلا باش پېرسوناژنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە خاراكتېرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يىغىپ ۋە تەشكىللەپ، ئوقۇرمەنلەرنى تېزلا ئەسەر مۇھىتىغا باشلاپ كىرىش.

ھېكايە «ئەتىيازنىڭ خېلى قىزىق ئاپتىپىدىمۇ قولاقچىسىنى سالمىغان» ھاشىماخۇننىڭ كوچا دوقمۇشىدا خېرىدار كۈتكەچ «تىرىكلىكتىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكى» بولغان جۇدەڭگۈ ئېشىكىگە سامان بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشىدىن باشلىنىدۇ. ھېكايە باشلىنىپ بىر ئابزاس تۈگمەيلا ئوقۇرمەننىڭ كاللىسىدا بىر قاتار سوئاللار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ھاشىماخۇن نېمە ئۈچۈن ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندىمۇ قولاقچىسىنى بېشىدىن ئالمايدۇ؟ نە سەۋەبتىن ئېشىكىمۇ باشقىلارنىڭ مال-ۋارانلىرىدىن ئاشقان ئوت-خەسنى يەيدۇ؟ ھاشىماخۇن زادى قانداق ئادەم؟ دەل شۇ چاغدا ئاپتور بىر قاتار قىسقا، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئېپىزوتلارنى ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يېرىم بەتكە يەتمىگەن زۆرۈر تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھاشىماخۇننىڭ سالاھىيىتىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. تۇرۇپلا بۇ كىشىگە قىزىقىپ قالىمىز. بۇ چاغدا ئاپتور دەرھال «خوتنى يۆتكەپ» ھاشىماخۇننىڭ تىرىكچىلىك زۆرۈرىيەتلىرى جەريانىدا قارىي ئىمام ۋە بالىسى يارىلانغان تۇل ئايال (مېيىپ) بىلەن تەبىئىي يوسۇندا شەكىللەنگەن كىشىلىك ۋە خېرىدارلىق مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق، ھاشىماخۇن خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىنى بىراقلا رېئاللاشتۇرىدۇ. بايا كاللىمىزدا شەكىللەنگەن سوئاللارغا بىر-بىرلەپ جاۋابقا ئېرىشىمىز. بۇ چاغدا تۇرۇپلا ھاشىماخۇنغا ھەۋەس قىلىپ قالىمىز. ئۇنىڭ كونا چاپان، ئەسكى قولاقچا ئىچىدىن بۇلاق سۈيىدەك بالقىپ چىققان، ھەشەمەت ۋە دەبدەبىدىن خالىي بولغان گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى تاۋارلىشىش دولقۇنىدا قاغجىراپ كەتكەن مەنىۋىيىتىمىزگە باھار يامغۇرى بولۇپ قۇيۇلىدۇ. ئىختىيارسىز ھالدا ھاشىماخۇن بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرىمىز (شەخسەن مەن شۇنداق قىلدىم)، نەتىجىسى ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. سەۋەبى: بىز چىرايلىق سەرپايلار بىلەن ئۆزىمىزنى پەردازلاشقا، ئەخلاقىي ۋە تارىخىي بىلىملىرىمىز ئاتا قىلغان زۇۋاندارلىقىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ ھۆرمەت تاماسىدا گېدىيىپ يۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغىنىمىز بىلەن مەنىۋى جەھەتتە، بولۇپمۇ ئەخلاقىي بىلىشنى ئاڭلىق يوسۇندىكى ئەخلاقىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە ھاشىماخۇننىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەي، ئاتا-ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ خارلىق كوچىسىغا تاشلانغان بىچارە يېتىمدەك ئۇبدانلا بويۇن قىسىپ قالىمىز. ۋىجدانىمىز تاڭ-تاڭ سوغۇقتا كاچكۇلغا سەكرىگەن زىناخورنىڭ زەئىپ بەدىنىدەك يېنىك سىلكىنىپ، ئوق تەگكەن كېيىكتەك تولغىنىدۇ، بوتىلىقىدىن ئايرىلغان تۆگىدەك ئاچچىق نالە قىلىدۇ... تۇرۇپلا ھاشىماخۇننىڭ قەلبىمىزدىكى سىماسى، بوي-بەستى ھەدەپ زورىيىپ، ئۆزىمىز بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز. بۇ چاغدا ھاشىماخۇن بىزنىڭ ئەخلاق ئۆلگىمىزگە ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ. ۋىجدانىمىز قاسراق تاشلاپ ھاشىماخۇننىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايمىز. ئۇنىڭ شۇنچە كەڭرى زاماندىمۇ غۇربەتچىلىك ۋە موھتاجلىق ئىچىدە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە باش قاتۇرىمىز. بۈگۈنكى ئوقتىنىڭ تېزرەك يۈرۈشۈپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز ھەمدە شۇ خىل ئىزگۈ تىلەك ۋە تاغدەك ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە ھېكايىنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىگە ئالدىراش كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلايمىز. ئەپسۇس ئويلىمىغان يەردىن ھاشىماخۇن

چوڭ پالاكەتكە يولۇقۇپ، ئۈمىد دالاسىدا چاپچىغان يۈرىكىمىز قوقاسقا سالغاندەك پۇچۇلىنىدۇ...

ئىككىنچى، قويۇق تىراگېدىيەلىك كەيپىيات.

ئىنسان ھاياتىنى قۇشقا ئوخشاتساق، تىراگېدىيە ئۇنىڭ بىر قانىتىدۇر. بۇنداق بولۇشىنى دۇنيانىڭ ھالىتى بىلەن ھاياتنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا يۈزلىنىش قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن. دۇنيا قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، ئاق بىلەن قارا، ئېگىز بىلەن پەس، ئوت بىلەن سۇدىن ئىبارەت قارىمۇقارشى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بىرلىكىدىن رەڭ-جۇلا تاپقاندەك، ھاياتمۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك (سەتلىك)، بەخت بىلەن بەختسىزلىك، خۇشاللىق بىلەن كۆز يېشىدىن ئىبارەت مۇقەررەر يۈزلىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىدىن مەنە ئىزدەپ ئەڭ ئاخىر يوقلۇققا يۈزلىنىدۇ. ئىنسان بۇ جەرياندا ئىزچىل تۈردە گۈزەللىك، بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئىزدەيدۇ. رەزىللىكتىن، خاپىلىقتىن قاچىدۇ. لېكىن ئېرىشكەنلىرى كۆپ ھاللاردا ئويلىغىنىدەك بولمايدۇ. سەۋەبى كېچە بىلەن كۈندۈز قوشكېزەك بولغاندەك، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، ياخشىلىق ئىزدىگەندە يامانلىقنىڭ، گۈزەللىك ئىزدىگەندە رەزىللىكنىڭ شوخسىغا دەسسىۋالمايمەن دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىنساننىڭ گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق ئىزدەش ئىستىكى ئۆچۈپ، مۇساپىسى توختاپ قالمايدۇ. مېنىڭچە ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ياشاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق ئىزدەش مۇساپىسىنىڭ جاپالىق، نەتىجىسىنىڭ نائېنىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئىزدىنىشنى توختاتمايدۇ، ئەكسىچە رەزىللىك ۋە تىراگېدىيە ئىچىدىن ئەقىل تېپىپ، ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ، ئادىمىلىك سۈپىتىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ئاشۇ ناخۇش رېئاللىقنىڭ يازغۇچى قەلىمىدىكى ئىنكاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتنىڭ يورۇق تەرەپلىرىدىن كۆرە كۆپ ھاللاردا مۇدھىش تەرەپلىرىگە بەكرەك نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، يامانلىقنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىش، ئەقلىي ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى نامايىش قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ۋىجدانىنى تاۋلايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىنى «قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدەش» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. دۇنيانىڭ، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، شۇنداق بىر قانۇنىيەت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. گۈزەل ئىبارىلەرگە تويۇنغان پاساھەتلىك قەسىدىلەردىن كۆرە تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولغان، ئاۋامغا يۈزلەنگەن تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر، جۈملىدىن مەلۇم بىر مىللەت ياكى قوۋمنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئازابلىرى ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئەڭ مۇھىمى قاراڭغۇلۇق ۋە ئازاب ئىچىدىن ئۈمىد ۋە تاڭنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ئەسەرلەر ھەرئەل، ھەر زاماندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا، سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولۇپ كەلگەن. «پەرھاد-شېرىن»، «رابىيە-سەئىدىن»، «سۇ بويىدا»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، « تىنچ دون»، «پاجىئەلىك دۇنيا»، «قىزىل ۋە قارا»، «دورا»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «فۇرۇڭ بازىرى»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئېغىر تىنىقلار»، «ئانا يۇرت»، «قوش مەسچىت»،«سادا»، «جاللات خېنىم»، «ئايەت ۋە ئامەت» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇ قارىشىمىزنى پاكىتلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يەنە شۇ نەرسە ئېنىقكى، تارىختىن بۇيان زامان ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن نەچچە مىڭلاپ قەسىدىلەر پۈتۈلدى ۋە پۈتۈلۈۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن ساناپ بېرەلەيدىغانلىرىمىز ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا ! ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى مەيلى باشقا ھېكايىلىرىدە بولسۇن ياكى بىز گېپىنى قىلىۋاتقان «ھارۋىكەش» ھېكايىسىدە بولسۇن، مۇشۇ ماھىيەتلىك يۈزلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنى ئاپتور ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلالىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئوقۇغانلارغا ئايانكى، «ھارۋىكەش» ھېكايىسى باشتىن-ئاخىر بىر خىل ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. ئاپتور مەيلى ۋەقەلىكنى تەشكىللەشتە بولسۇن ياكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجى ۋە ئېچىلمىسىدا بولسۇن ھەممىسىدە بىر خىل سۈكۈناتلىق كەيپىياتنى ساقلاشقا تە-

رىشىدۇ. ھالبۇكى بۇ سۇكۇناتلىق كەيپىيات تۇرمۇشتىن —
مىللىي تۇرمۇش زېمىنىمىزدىن كەلگەن بولۇپ، ھەر بىر
تۇرمۇش كۆرۈنۈشى كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئۇقۇر
مەننى ئەسەر مۇھىتىغا سۆرەيدۇ. ئوقۇرمەن باش پېرسو-
ناژ ھاشىماخۇننىڭ كەيندىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا
سوڭدىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنىڭ تەكشىسىزلىكى
ۋە ئىزدىنىش مۇساپىمىزدىكى بىخەستەلىكلىرىمىز كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر قوينىغا كىرىپ كې-
تىدۇ. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئىشنى تەكىتلەش زۆرۈر:
ئاپتور ئەسىرىدە مۇۋاپىق بۆلەكلەردە ئىجتىمائىي زىددى-
يەتلەر ئىپادىلەنگەن ئۇششاق ئېپىزوتلارنى (مەسىلەن: تې-
رىقچىلىق قۇرۇلمىسىدىكى نامۇۋاپىق يۆنىلىشلەر، مۇخبىر-
لارنىڭ يالغانچىلىقلىرى قاتارلىقلار) ئەسەر سۇژىتىغا ئۇستى-
لىق بىلەن سىغدۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئە-
سەرنىڭ ئىچكى سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ ۋەقەلىك تەرەق-
قىياتىنىڭ تەلپىنى گەۋدىلەندۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئە-
سەرنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى گەۋدىلەندۇردى، شۇنداقلا
ئوقۇرمەننىڭ ھاشىماخۇن پاجىئەسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە
ئىزدىنىشىگە يىپ ئۇچى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاپتور ھاشىماخۇن پاجىئەسىنىڭ راۋاجى ھەققىدە
قەلەم تەۋرەتكىنىدە، ئۇنى بىر پۈتۈن قوۋمىنىڭ مەنىۋى
پاجىئەسى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، بۇ ئوبرازنىڭ ۋە-
كىللىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇشكە تىرىشىدۇ،
بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش مەقسىتىنى رېئاللاشتۇرىدۇ. يەنى «تامچە سۇدا
قۇياش نۇرىنى كۆرسىتىدۇ». مەلۇمكى ھاشىماخۇننىڭ ھە-
قىقىي پاجىئەسى ئۆزىنى زامانىۋى شەھەرنىڭ مەدەنىيەتلىك
پۇقراسى سانىۋالغان ئىككى قىزنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىنى
تېما قىلغان «بۈيۈك ئەسىرى» ئۈچۈن ھاشىماخۇننى پېر-
سوناژ قىلىپ تاللىشىدىن باشلىنىدۇ. بۇ قىزلار تۇرمۇش
ئۆگىنىش ۋە فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن
بولۇپ، خېرىدار كۈتۈۋاتقان ھاشىماخۇن ئۇلارغا خۇددى
«ئافرىقا ئورمانلىقلىرىدىكى ياۋايى ئادەملەردەك» ئالاھە-
دە تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزىچە ھاشىماخۇننى چۈشىنىپ
باقماقچى، ئۇنىڭ پورترېتى ۋە تۇرمۇشىدىن «بۈيۈك ئە-
سەرلىرى» ئۈچۈن تېما ۋە سىن ئالماقچى بولۇشۇپ، ئۇ-
نىمىغىنىغا ئۇنىماي ھاشىماخۇننىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋالدى.

ھاشىماخۇن ئۆزى كىنو-ئېتۇتلاردا كۆرگەن ئارتىسلار-
دەك مودا ياسىنىۋالغان بۇ قىزلارنىڭ «شاللىرى تۆكۈلۈپ
تۇرىدىغان ئەبجەق ھارۋىسىغا» چىققانلىقىدىن خۇدۇكسى-
رەپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى، ھەتتا چاپىنىنى
ھارۋىغا سېلىپ بېرىدۇ. قىزلار يول بويى ھاشىماخۇننى
گەپكە سالىدۇ، ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي رەسىمگە تارتىدۇ.
مەنزىلگە يېقىنلاشقاندا يولدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقاچقا،
ھارۋا ئۆتەلمەيدۇ. ھاشىماخۇن قىزلارنى پىيادە مېڭىشقا
دەۋەت قىلىپ مەنزىلنى، مەنزىلگە بارىدىغان يولنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ، لېكىن قىزلار ئۇنىمايدۇ. ئامالسىز قالغان
ھاشىماخۇن قىزلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ كاتاڭ يولدىن مې-
ڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ ئارىدا قىزلار ھارۋىدىن چۈشە-
دۇ. ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى كۆرەڭ قىزنىڭ سەۋەنلىكى
تۈپەيلىدىن قولىدىكى رەسىم ئاپپاراتى چۈشۈپ كېتىپ
كۆزى ئېچىلمايدۇ. ئاپپاراتنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇققان قىز
بىردىنلا بۆرە تېرىسىنى كىيىپ قوپۇپ، ھاشىماخۇنغا تىل
سالىدۇ ھەمدە ھاشىماخۇنغا ئاپپاراتنى تۆلەپ بېرىسەن،
دەپ كۆكەملىك قىلىدۇ. قىزلارنىڭ بىشەملىكى ھاشىما-
خۇننى ئۇبدانلا تەمتىرىتىپ قويىدۇ، ئاڭغىچە ئەتراپقا ئا-
دەملەر توپلىشىپ، «بىلەتسىز ئويۇن»غا داخىل بولىدۇ
قىزلارنىڭ بىشەملىكى ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھاشىماخۇن
نامرات بولغىنى بىلەن نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەم
ئىدى، بۇ جەھەتتە ئۆزىنى زامانىۋى شەھەرنىڭ مەدەنىيەت-
لىك پۇقراسى ھېسابلىۋالغان ھېلىقى ئىككى قىزغا قارىغاندا
كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئېشىكىنى سېتىپ تۆلەپ
بېرىش قارارىغا كېلىدۇ ھەمدە ئاتايىن بېدەك چاقىرىپ
كېلىپ، ئېشىكىنى يوقىلاڭ پۇلغا سېتىپ، ھەممە پۇلنى ھېلى-
قى ئىككى قىزغا بېرىدۇ. قىزلار پۇلنى ئالغاندىن كېيىن
يەنىلا رازى بولمايلا قالماستىن، ھاشىماخۇنغا سېسىق گەپ
قىلىدۇ. بىچارە ھاشىماخۇن ھارۋىسىنى ئۆزى سۆرەپ
تۇرمۇش قايىنىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
ئوقۇرمەننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپال-
ماي قالىدۇ. ھاشىماخۇنغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۆز سەۋەنلىكى-
نى ھاشىماخۇنغا ئارتىپ، ئۇنى ھاياتلىق مەنبەسىدىن ئايرى-
ۋەتكەن قىزلارغا نەپرەت ياغدۇرىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ ئى-
چىنى سىيرىۋەتكۈدەك ناھەقچىلىككە شاھىت بولغان شۇنچە
كۆپ ئادەم ئىچىدىن بىرەر ئېغىز ھەق گەپنىڭ چىقمىغانلى-

قىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە زۆرۈر تەپسىلاتلار ئارقىلىق يالغۇز ھاشماخۇن پاجىئەسىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ماددىي مەنپەئەتلەر ئىسكەنجىسىدە مەنىۋىيىتىدىن، ھەق-ناھەق تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان بىر تۈپنىڭ پاجىئەسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. قاراڭ، قىزلار دېھقانلار تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن فىلىم ئىشلىمەكچى بولۇپ يىراق ئۈرۈمچىدىن ئاتايىن سەھراغا كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى سەھنىگە ئېلىپ چىقماقچى بولغان، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە ئاش-نان بېرىمىز دەپ مۇشۇ كۈنگە قالغان ئاشۇ دېھقانلار تۈپىنى قىلچىلىكمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارچە ھاشماخۇننىڭ قولاقچىسى، بىچارە تۇرقى، ئەبجەق ھارۋىسى بىلەن جۇدەڭگۈ ئېشىكى ئۆزى ياراتماقچى بولغان دېھقان ئوبرازى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئۇلار يەنە ھاشماخۇننى ئادەم قاتاردا كۆرمەيدۇ. ئۇنى تەپتارتماستىن «قەلەندەر، ئوغرى» دەپ تىللايدۇ ھەمدە ئۆزىمۇ باشقا قوۋمنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەندەك كۆرەڭ قىياپەتتە: «شۇڭا چاپىنى تىزىدىن اشماي، بىر يۈەن، ئىككى يۈەندىن يۈك توشۇپ جان بېشقا قالغان خەق بۇ !» دەپ خىتاب قىلىپ ئۆزلۈكتىن ئايرىلغان چاكىنا بارلىقىنى نامايىش قىلىدۇ. بىردىك ھاشماخۇننىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇمۇ ئازغىنا نەپ ئۈچۈن ئاشۇ چاكىنا قىزلارغا ئوخشاشلا ھاشماخۇننى تار يولدا قىستاپ، «مۇشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» قىلىدۇ. باشقا «تاماشىبىنلار»دىمۇ ھېچقانداق ئىنجا كەلمەيدۇ، ئاپتور بۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق مىللىي ياتلىشىشنىڭ چاكىنا سىماسى بىلەن ئېغىر ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، قۇرۇلمىنى تەشكىللەشتىكى ماھىرلىق.

ھېكايىنى ئوقۇغانلارغا ئايانكى، ئەسەرنىڭ ھەجمى چوڭ ئەمەس، لېكىن ۋەزنى ئېغىر بولۇپ، بۇ خىل ئېغىرلىقنى ئالتۇنغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇنى ئاپتورنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشتىكى چېۋەرلىكى بىلەن تاللىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى باش ئېھتىياجغا چىقىش قىلغان ھالدا ئىپپەنى كەلتۈرۈپ چىقىشتىكى ماھىرلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە بىز ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ :«ھەممىدە باش تېمىنى چىقىش قىلىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىش، ئېچىلىش تەرتىپىنى لىنىيە قىلىشتەك» سىناقتىن ئۆتكەن ئېسىل ئىجادىيەت مىزانىنى يېتەكچى قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ھېكايىسىدە تولۇق رېئاللاشتۇرغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. ئاپتور ئەسەردە باشتىن - ئاخىر بىر يىپ ئۇچىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھەممىدە شۇ يىپ ئۇچىنى چۆرىدىگەن، گەپدانلىق قىلىپ ئارتۇقچە تەپسىلاتلارنى قوشۇپ قويمىغان. تېما بىلەن مۇناسىۋىتى يوق تەپسىلاتلاردىن رەھىمسىزلەرچە ۋاز كېچەلىگەن. نۆۋىتى كەلگەندە شۇنى دەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىزنىڭ ھازىرقى پىروزىچىلىقىمىزدا، بولۇپمۇ ھېكايىچىلىقىمىزدا (بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا) گەپ يورغىلىتىش خاھىشى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەردە ئىككى ئۈچ بەت ئوقۇپمۇ ئەسەر مۇھىتىغا كىرگىلى، ئاپتورنىڭ باش-ئاخىرى جىپسىلاشمايدىغان شۇنچىۋالا كۆپ تەپسىلاتنى نېمە مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقىنى ئاڭقىرغىلى بولمايدۇ، ئوقۇغان كىشىدە خۇددى سېۋەتكە سۇ ئۇسقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلىنىڭ بۇ ھېكايىسىدە تەپسىلاتلار باش تېما ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بىر-بىرى بىلەن مۇستەھكەم جىپسىلاشقان بولۇپ ئېقىن سۇدەك راۋان، كۆكۈل قويۇپ ئىشلەنگەن يېقىملىق مۇزىكىدەك جەزىبدارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئاپتورنىڭ ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى كۆرسىتىش جەھەتتىكى ئىرىشچانلىقىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئەسەردە ئاپتور تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاش ۋە ئىچكى سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە زۆرۈر تەپسىلاتلارنى شۇ دەرىجىدە مۇۋاپىق تاللىغان ۋە جىپسىلاشتۇرغانكى، ئۇنىڭدىن بىرەر تەپسىلاتنى ئېلىۋەتكىلى ياكى قوشۇپ قويغىلى بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ تەپسىلاتلارنىڭ ھەر بىرى ئېنىق مەقسەتچانلىقنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، بىرى يەنە بىرىنى شەرت قىلىدۇ. كېيىنكى تەپسىلاتلار ئالدىنقى تەپسىلاتلارنى تولۇقلايدۇ، پىكىرنى بېيىتىدۇ، روشەنلەشتۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە باش تېمىنى جۇلالاندۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەردە ئۆچمەس تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ پىكىر قاتناشتۇرۇشقا، ئىجاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئاخىرقىسى، ئەسەر تىلىدىكى ئوبرازچانلىق ۋە راۋانلىق. مەلۇمكى تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش، تىل ئارقىلىق يارىتىلغان ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەش، ھەممىنى تىل ئارقى-

لىق روياپقا چىقىرىش ۋە ئوقۇرمەنگە يەتكۈزۈش — ئەدەبىياتنىڭ باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ روشەن ئۆزگىچىلىكى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى بولۇپ، تېما بىلەن قۇرۇلما مۇۋاپىق تاللىنىپ، تىلغا سەل قارالسا، بەرىبىر ياخشى ئەسەرنى روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلغا «قىسقا، دەل، توغرا، ئوبرازلىق، راۋان بولۇش»، تەلىپىنى قويۇشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى قىسقا بولۇش ئاز سۆز ئارقىلىق كۆپ ۋە چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەش ماھىرلىقىغا؛ دەل بولۇش ئوبيېكتنىڭ ئەسلي مەنىسى بويىچە ئېنىق ئىپادىلىنىشكە؛ توغرا بولۇش كۈچلۈك مەنتىقىلىققا ئىگە بولۇشقا؛ ئوبرازلىق بولۇش ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ سۆزنىڭ تۈس مەنىسىنى كۈچەيتىپ ئىچكى سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا؛ راۋان بولۇش گىراماتىكىلىق تەرتىپكە بويسۇنۇشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار توغرا ئىگىلەنسە، بەدىئىي مەقسەتنى ئېنىق، جايىدا ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى گەرچە قىرغىز مىللىتىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر زۇۋانىنىڭ «ئەڭ ئۇششاق تىللىرى»نىمۇ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋالغان، شۇنداقلا قەلەمدە قوللىنىش سەۋىيەسىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى ھەر بىر قەلەم ئىگىسىنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار تىلىنى قوللىنىش، جۈملىدىن ئۇنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەممە ئادەمنى ئۆز تىلىدا سۆزلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتى خېلىلا ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەسەرنىڭ چىنلىق تۈسىنى قويۇقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئەسەرگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئۆز تىلىنىڭ بارلىقىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن: ھاشىماخۇننىڭ تىلىدا، دىلى سۇنۇق، لېكىن روھى پۈتۈن، يۈزى تۆۋەن، ھارامدىن، يامانلىقتىن يىراق تۇرىدىغان، ياخشىلىق قىلغان كىشىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدىغان ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغان، ئەنئەنىگە سادىق، قانائەتچان دېھقاننىڭ سىماسىنى كۆرسەك؛ قارىي ئىمامنىڭ تەلەپپۇزىدىن دىنىي ئىلىمغا كامىل، ئىنساندارچىلىقنىڭ يولىنى بىلىدىغان، قوشنىدارچىلىقنى قەدىرلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىنى ھۆرمەتلەيدىغان دىنىي يولباشچىلارنىڭ نۇرانە ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. پۇتى مىتكوس كەتكەن بالىسىنى مەكتەپتىن قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئايالنىڭ چۈچۈك سۆزلىرىدىن تۇللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، ھايات قايناملىرىدا پىشىپ يېتىلگەن قاتتىق سۆڭەك ئانىلارنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولسا، زامان ئاتا قىلغان ئىمتىياز ۋە مودا كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن تېشىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرگەن، لېكىن ئىچى كاۋاك «ئىككى قىز»نىڭ تەلەپپۇزى، ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسىدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەززىسىز، شۇنداقلا قوپال گەپ-سۆزلىرىدىن مىللىي ئۆزلۈكتىن زور دەرىجىدە چەتنەپ كەتكەن ماڭقۇرتلارنىڭ سىماسىنى تولۇق كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. بېدىكنىڭ گەپ-سۆزى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ھاياتنى پۇل تېپىشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەتكە يىغىنچاقلىغان قىزىلكۆز سودىگەرنىڭ يىرگىنىشلىك قىياپىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋېلىپ، نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىپ كېتىمىز. دېمەك، ھەر بىر پېرسوناژنىڭ تىلى ئۇنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە ئۆزلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا بېرىلگەن بولۇپ، كىشىگە تىرىك ئادەمدەك تەسىرات بېرىدۇ. نۆۋىتى كەلگەندە شۇنى دېيىش زۆرۈركى، ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار تىلىنى بېرىشتە ئۆزى ياشاۋاتقان يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز تىلى (شىۋىسى)نى ئاساس قىلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى بۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىقچىلىق قىلغاندا تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، ئەسەرنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغىلى، ئەڭ مۇھىمى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرگىلى، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ چىنلىق تۈسىنى قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇنى ۋاستە قىلغان گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم رولى ۋە تەلىپى بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شىۋىلەرنى يازما ئەدەبىياتتا كۆپلەپ قوللىنىش ئورتاق تىلنى

ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىسىز. مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق
ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى پېرسوناژ تىلىنى تەشكىللەشتە
شۇە قوللىنىپ يامان قىلدى دېمەكچى ئەمەس. بايا مەن
شۇە قوللىنىشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمـ
نى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە پاسسىپ تەسىرىنىمۇ كۆرـ
سىتىپ ئۆتتۇم. دېمەكچى بولغىنىم، ئابدۇراخمان ئەزىز
ئوغلى بىزنى ئەڭ ياخشى ئۈرنەك ۋە تەجرىبە ماتېرىيالى
بىلەن تەمىن ئەتتى. مۇشۇ جەھەتتە ئويلىنىپ باقىدىغان،
شۇنداقلا ئەقىلگە مۇۋاپىق يول تاپىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى
دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ھەقتىكى مېنىڭ قارىشىم: نەزمىي ئەـ
سەرلەردە، شۇنداقلا پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان ۋە تەسۋىر
قىسمىدا شەرتسىز ئورتاق تىلنى ئىشلىتىش، پېرسوناژلار تىلىدا
شۇنىگە ئازراق (مۇۋاپىق) ئاپتونومىيە بېرىش.

تۆتىنچىسى، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى ۋە فولكلور
بايلىقى ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن مىللىي ئالاھىدىلىك.

ئاپتور قۇرۇلمىنى تەشكىللەش ۋە ۋەقەلىكنى قانات
يايدۇرۇش جەريانىدا نەزەرىنى ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلىـ
ۋاتقان مىللىي گەۋدىنىڭ خاس تۇرمۇش زېمىنىغا قاراتقان
بولۇپ، پېرسوناژلارنى ئاشۇ ئۆزگىچە تۇرمۇش زېمىنىدا
ھەرىكەتلەندۈرگەن. بۇ پېرسوناژلارنىڭ تەقى- تۇرقىدىن
تارتىپ، گەپ- سۆزلىرىگىچە، ھەتتا تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن
ئىشلىتىۋاتقان تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىچە ھەممىسى مىللىي
تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئوقۇرمەنىنىڭ كۆز
ئالدىدا ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىـ
كى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىنى ناماـ
يان قىلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەردە تەرەققىياتمۇ بار، ئەنئەنىمۇ
بار، ياخشىلىقمۇ بار، يامانلىقمۇ بار. ئەڭ مۇھىمى ئىككىـ
سىنىڭ كۈرىشىمۇ، بۇ كۈرەشنىڭ نەتىجىسى بىلەن كەلگۈـ
سى تەقدىرىمۇ بار. شۇ خىل مۇھىتتا يېتىشىپ چىققان
روھمۇ بار. ئومۇمەن ھەممە بار. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ھېـ
كايىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن يەنە بىر مۇھىم
ئامىل بولۇپ، ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم بىر رولى ئەجدادلارـ
نىڭ تۇرمۇش بىلىمى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەۋلادلارغا
يەتكۈزۈشتۇر. بۇنىڭ ئۇسۇلى ھەر خىل بولۇپ، مول
فولكلور بايلىقىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئەسەرگە ئۇستىلىق
بىلەن كىرگۈزۈۋېتىش شۇلار جۈملىسىدىندۇر. بۇ تەرەپـ
لەرمۇ سەزگۈر يازغۇچىنىڭ نەزەرىدىن سىرتتا قالمىغان.
مەسىلەن: ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بالىغا ئىسىم قويۇش ۋە
ئىسىم قويۇپ بەرگەن مولّلامنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا رازى
قىلىش ئادىتى، شۇنداقلا ھاجى بولۇشنىڭ شەرتلىرى ھەقـ
قىدىكى ئىنچام بايانلار. بۇلار قارىماققا ئاددىي ئىشلارـ
دەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سالمىقى خېلىلا ئېغىر بولۇپ،
شەھەرلىشىش دولقۇنىدا ياشاۋاتقان ياشلار، جۈملىدىن شەـ
ھەردە چوڭ بولغان دادا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خىزـ
مەتچىلەردىن مۇشۇ ئادەتنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس،
بەلكى ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئۇلار كەلگۈسى ۋارىسى
بولغان بالىسىغا ئىسىم قويۇش ئىشىغا دۇچ كېلىپ قالسا،
چوڭلار ياردەم قىلمىغان ئەھۋالدا پارقىراپ تۇرىدۇ شۇ!
مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تەسىراتىم بار، نۆۋەتتى
كەلگەندە بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش، پەـ
كىرلىشىش زۆرۈر دەپ قارايمەن. مەكتىپىمىزدە ئوبۇلقاـ
سىم ھاجىم ئىسىملىك بىر مويسىپىت بار. ئۇنىڭ دادىسى
ئازادلىقتىن بۇرۇن خوتەنگە ۋالىي بولغان. ئۆزى مەكتىپىـ
مىزدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي بۆلۈم خادىمى، خوجىلىق باشـ
قارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئارتتۇرۇپ،
ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا پېنسىيەگە چىققان. بۇ كىشى
خۇش چاقچاق، ھازىر جاۋاب بولۇپ، توي- تۆكۈن،
ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشكە ماھىر. بولۇپمۇ
ناماز چىقىرىش ئىشىغا كەلگەندە ئالاھىدە ئېپى بار. شۇڭا
ئادەتتە بەك كۆپ ياد ئېتىپ كەتمىگىنىمىز بىلەن بىرەرسىـ
گە قازا يەتكەن ھامان بىرىنچى قېتىم كۆز ئالدىمىزغا كېلىـ
دىغىنى يەنىلا شۇ كىشى. ھەممىدىن بۇرۇن شۇ كىشىگە
خەۋەر بېرىمىز، ئۇمۇ خەۋەر قۇلىقىغا يەتكەن ھامان بىرـ
دەمدىلا ھازا چىققان ئۆيگە پەيدا بولىدۇ. قولىغا تېلېفونى
بىلەن قەلىمىنى ئېلىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلايـ
دۇ. ئىشلار تېزلا يۈرۈشۈپ، مېيىت ۋاقتىدا يەرلىككە تېگەـ
دۇ... مەن شۇ كىشى باش بولغان بىر قېتىملىق نامازدا ئۆزـ
ۈمچە ئويلىنىپ قالدىم. مەكتىپىمىزدە 500 دىن ئارتۇق
ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى بار. جان بار يەردە قازا
بار. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرى ئوبۇلقاسىم ھاجىمغا قازا
يېتىپ بىزدىن ئايرىلسا، نەچچە يۈز ئەركەكتىن ئۇنىڭ
ئورنىنى باسالايدىغان بىرەرى چىقارمۇ؟ گەپنى ئوچۇق
قىلغاندا، ئىككى يېنىمىزغا قارىماي بىرەر مېيىتنى ھۆرمىتى

بىلەن ئىگىسىگە يەتكۈزەلەرمىزمۇ؟ شەخسەن مېنىڭ كۆزلۈم يەتمەيدى. باشقىلارغا بۇ ئويۇمنى دىۋىدىم، ھەممەسى تۇرۇپلا قالدى، ئارقىدىن ئەلەملىك باش چايقاشتى...

دېمەك، ئۇدۇم-ئېتىقادلار زامانىۋى دۇنيادىمۇ مۇھىم. قولىمىزدا بىر-بىرىدىن ھەيۋەتلىك دىپلومىمىز، كىشىلەر ئەيمەنگۈدەك ۋەزىپە-سالاھىيەتلىرىمىز بولغىنى بىلەن ئادەتتىكى تۇرمۇش تەرتىپلىرىنى بىلمىسەك، بالا تاپقاندا ئىسىم قويۇش، ئۆلگەندە يۇيۇپ-تاراپ يەرلىككە قويۇش تەرتىپلىرىنى ئۇقالماي پاقا تەشكەن سويمىدەك پارقىراپ تۇرساق بۇمۇ قاملاشمىغىنى. ھالبۇكى بۇنداق ئۇدۇم-ئېتىقادلار ئۆگىتىشكە، قەلەم ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشقا موھتاج. ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى بۇ جەھەتتىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر قەدەمنى ئېلىپ، جاپاكەش يازغۇچلىرىمىزنى مۇھىم بىر تەجرىبە نەمۇنىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھېكايىنىڭ مەدەنىيەت قىممەتىنى جۇلالاندۇرۇپ، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» بولۇپ قويۇلدى.

ئومۇمەن، «ھارۋىكەش» ھېكايىسى ئۆزگىچە تەمتۇزى بىلەن ھۆسنىدىن قېلىشقا يۈزلەنگەن ھېكايە گۈلىستانىمىزغا ئۆزگىچە جۇلا ئاتا قىلدى.

ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ماكان تۇتۇپ ئىزچىل ھېكايە ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەريانىدا بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىدى، پىكىر جەھەتتە يىلمۇيىل چوڭقۇرلىدى. مانا ھازىر ھېكايىچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان كۆچكە ئايلاندى. مەن ئاپتورنىڭ ئاساسىي قاتلامدا، قايناق تۇرمۇش زېمىنىدا ياشايدىغانلىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن يەنىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەلەپچان ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ئېسىل يازمىلارنى تەقدىم قىلىشىنى، مۇمكىن بولسا چوڭراق ژانىرلاردىمۇ ئىجاد قىلىپ ئۆزىنى سىناپ بېقىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىدا.

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقىنى قانۇنغا ئاساسەن قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



ئابدۇمجىت مۇھەممەد

# جەمئىيەتنىڭ قىياپىتى ۋە يازغۇچىنىڭ روھىي ھالىتى

— ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن سۆھبەت (ئۈن خاتىرىسىگە ئاساسەن رەتلەندى)

ئابدۇمجىت مۇھەممەد: ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مۇشۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە سىز بىلەن ئەسرالشىپ، ئىجادىيەت پەللىگىزدىكى مول ھوسۇل، تاكامۇللۇق سەپىرىڭىزدىكى يېڭى پىلانلىرىڭىزنىڭ تۈنجى تىڭشىغۇچلىرىدىن بولالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز سۆھبىتىمىزنى باشلىۋەتسەك.

ئابدۇقادىر جالالىددىن: بولىدۇ.

ئابدۇمجىت مۇھەممەد: ھەرقانداق سەپەرنىڭ باش - ئاخىرى، ئوڭغۇل - دوڭغۇللىرى، سىر - ھېكمەتلىرى شۇنداقلا ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە جاپا - مۇشەققەتلىرى بولىدۇ. سەپەر ئۈستىدىكى قىيىنچىلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە سەپەر قىلغۇچىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپ، سەپەر نەتىجىسىنى قىممەتكە ئىگە قىلسا، سەپەر راۋانلىقى ۋە ھوۇزۇرلىرى ھەرقاچان سەپەر قىلغۇچىغا ئىلھام بېغىشلاپ، سەپەر بەرىكىتىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، سەپەر قىلغۇچىغا يېڭىچە تۇيغۇ ۋە كۈچ ئاتا قىلىدۇ. گەرچە مەن سىزنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىڭىزنى، ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىڭىزنى، شۇنداقلا يارقىن تەپەككۇرىڭىزنى ئەڭ يېقىندىن كۆزەتكۈچى، مۇنبەردىكى دەرسلىرىڭىزنى بىۋاستە ئاڭلاپ بىلگۈچى، جۈملىدىن سىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق قىزغىن ئوقۇرمىنىڭىز، سىز تەربىيەلىگەن ماگىستىر ئاسپىرانتىڭىز بولساممۇ، شۇنداقلا سىزنىڭ ئىجادىيەت سەپىرىڭىز ھەققىدە ھازىرغىچە گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزور ۋە ھەرقايسى تور مۇنبەرلىرىدە ئوخشىمىغان تېمىلاردا نۇرغۇن سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزنىڭ مۇپەسسەللىكى ئۈچۈن پىكىرلىرىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئىجادىيەت سەپىرىڭىزنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىنى بىر قۇر ئەسلەش بىلەن باشلىۋەتسەك قانداق؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: مەن بىر ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىگە قانداق قەدەم قويۇشىنىڭ ئۆزىنى شۇ دەۋر، شۇ مۇھىتتىكى ھەر خىل ئامىللار بەلگىلىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. مەن بىر دېھقان بالىسى، بەك ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىلەردىمۇ چوڭ بولمىغان، ئەمما نەسەب نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۆلىما ئائىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەقۋالىق ئالاھىدە بىر خىل كۈچلۈك مۇھىتتا چوڭ بولدۇم دەپ قارايمەن. ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتىمىز يېزا مۇھىتى بولغانلىقى ئۈچۈن كىتاب تېپىشمۇ ئىنتايىن تەس، كىتاب - ماتېرىياللار ئىنتايىن ئەتىۋار بىر ۋاقىتلار ئىدى. كىتاب، يازغۇچى دېگەن ئۇقۇملار مەن ئۈچۈن ئىنتايىن يىراق، سىرلىق ۋە مەۋھۇم ئۇقۇم ئىدى.

يۈزمۇيۈز

مەن ئەينى ۋاقىتلاردا ئەقلىمنى تاپسام، كاسسىر، بوغالتىرلىق قىلىدىغانلار بىزنىڭ مەھەللىمىزدىكى ئەڭ ئالىي ھېسابلىنىدىغان ئادەملەر ئىكەنتۇق. مەن ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا «ئاشۇ مەھەللىمىزدە كوپېراتسىيەنىڭ بىر بوغالتىرى بولۇپ ياخشىراق بىر ھاياتنى ئۆتكۈزسەم» دېگەن غايىنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. چۈنكى بوغالتىر، كاسسىر دېگەنلەر ئۆز زامانىسىدا باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش ئۈزۈم، ئانار قاتارلىق ھەرقايسى مەھسۇلاتلارنى ئۈزۈپ ئۆلچەپ، تارازىلاپ، ئۆزى ھېسابلاپ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ياخشىسىنى يەپ ئۆتەركەنتۇق. مەندىكى «ئالىي غايە»نىمۇ ئەنە شۇلار ماڭا بەرگەن. ئۇ چاغلاردا يەنە ھازىرقىغا ئوخشاش رادىيو - تېلېۋىزورلار يوق، تېلېفون، ئىنتېرنېتلارمۇ يوق. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ، كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ تېخى تايىنى يوق. تاشقى دۇنيادىن كېلىدىغان بىرەر تەسىردىن ئومۇمەن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان بىر دەۋرلەر ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ ئېڭىمىزنى ئاشۇ يۇرتتىكى دېھقانلار ۋە باشقا ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاڭ سەۋىيەسى بەلگىلەيتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ چاغلاردا مېنىڭ نەزەرىمدىكى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملەر بىزنىڭ ئاشۇ كىچىك مەھەللىمىزدىكى كوپېراتسىيەنىڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرىدىن بولغان يەنە شۇ بوغالتىر، كاسسىرلار ۋە ياكى ئوقۇتقۇچى، قارى، ئىماملار ئىدى. مەن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە يەنە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ تەسىرى بىلەن «سۇ بويىدا» دېگەن بىر ئەسەرنىڭ يېڭى يېزىقچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ قالغان بولدۇم. بۇ مېنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى دەسلەپكى ئوقۇغان كىتابىم بولدى. ئويلاپ باقسام مەندىكى ۋەقە خانلىققا مايىل بىر خىل ئەدەبىيات ھېرىسمەنلىكى شۇنىڭدىن باشلانغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە-مۇنچە قولۇمغا كىتاب چىقسا ۋاراقلاپ باقىدىغان بولدۇم. ئەمما مېنىڭ تۇغقانلىرىم ھەمىشە مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ «بەك كىتاب ئوقۇپمۇ كەتمە، بەك ئەقىللىقمۇ بولۇپ كەتمە، بەك ئەقىللىق بولۇپ كەتسەڭ يولۇڭنىڭ ئاخىرى چىقماي قالىدۇ» دەيتتى. چۈنكى ئۇ مەزگىللەردە كىتاب ئوقۇپ جامائەتكە لىللا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان تاپىدىغان جايىنى تاپقان مۇنداق بىر مەزگىللەر ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر قورقۇپ كەتكەنىمۇ دائىم مېنى شۇنداق ئاگاھلاندۇراتتى. لېكىن مەن ئۇ گەپلەرنى چۈشەنمەيتتىم-دە، «چوڭلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيدىغاندۇ» دەپ ئويلايتتىم. بالىلىقتا ھەۋەس، قىزىقىشلار ئىنتايىن كۆپ بولىدىكەن. مەن قىزىقىشىم بويىچە شۇ چاغلاردا تاپالىغان بىر قىسىم كىتابلارنى مەسىلەن: «كۆل بويىدىكى كىچىك قاراۋۇل»، «شاڭيالڭ ھويلىسى ھەققىدە ھېكايە»، «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز»، «گاۋيۇباۋ» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى ئانچە-مۇنچە ۋاراقلاپ تۇراتتىم. ئەلۋەتتە ئۇ كىتابلار يېڭى يېزىقتا بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇلارنى ئانچە-مۇنچە كۆرگەن. ئەمما بۇ كىتابلاردىنمۇ مۇھىم بولغىنى ئاشۇ چاغلاردا گۆدەك قەلبىمگە، كىتاب ئوقۇش ھاياتىمغا، جۈملىدىن ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى تۇراق قاۋۇل، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مەن ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، بۇ ئادەم ماڭا «پەرھاد - شىرىن» ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھرابتىن چايان» قاتارلىق كىتابلىرىنى ئارىيەت بېرىپ تۇرغانىدى. مەن بۇ كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن باشقىچە بىر دۇنياغا، ئۆزگىچە سىرلىق بىر ئالەمگە قەدەم قويغاندەك بولغانىدىم. كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇ روزى ھاشىممۇ ماڭا لېرمونتوفنىڭ داستانلىرىنى بېرىپ تۇرغانىدى. مەنمۇ ھەم زور ئىشتىياق بىلەن لېرمونتوفنىڭ شۇ داستانلىرىنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ چىققانىدىم. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار بولۇپ، بۇ كىتابلارنى شۇ ۋاقىتتىكى زىيالىيلار مەلۇم بىر جايلاردا بىر ئاماللارنى قىلىپ ساقلاپ كەپتىكەن. ئەينى ۋاقىتتا كىتاب ساقلاش خەتەرلىك ئىش بولغاچقا، بۇنداق كىتابلارنىڭ تېپىلىشىمۇ بىر مۆجىزىگە ئوخشاش مەن ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ئىش ھېسابلىناتتى. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن مەن بىر قەدەر چىنىراق بولغان بىر بەدىئىي ئەدەبىيات ئالىمى بىلەن ئۇچراشقان بولدۇم دېسەممۇ بولىدۇ. كېيىن مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ ئاز - تولا قوشاق خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنى يېزىپ باقتىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە چىققاندا بەزى غەزەللەرنى جىجىلاپ باقىدىغان بولدۇم. ھەتتا ئۇدا بىر قىسىم ئەسەرلىرىمنى گېزىتلەرگىمۇ ئەۋەتىپ باققانمۇ بولدۇم، لېكىن تاكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگىچە مېنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرىم بىرەر مەتبۇئاتتا

ئېلان قىلىنىپ باقمىدى. ھەتتا چوقۇم ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن، دەپ يازغان بەزى خەۋەرلەرنى «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»گە ئەۋەتىپ باققان بولساممۇ نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇ ئەسەرلىرىممۇ چىقمىدى. ئەمما مەن گېزىت - ژۇرناللارغا ئەسەر ئەۋەتىشنى توختاتمىدىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا مەندە ئەسەر ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىستەك بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىم ھېچقانداق ئەسەر ئېلان قىلالمايلا ئۆتۈپ كەتكەن بولدى. ئاخىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. چۈنكى مەن تەبىئىي پەنگە ئىمتىھان بەرگەنىدىم. شۇ مەزگىللەردىمۇ بەزى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا دوسكىلارغا ئانچە - مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ قوياتتىم. باللار ئۇلارنى كۆرۈپ بۇنىڭ ئەدەبىي تالانتى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن، دەپ قارايتتى شۇ ۋاقىتلاردا، ئاخىر يەنە مېنىڭ ئەدەبىيات ھەۋىسىم ئالاھىدە كۈچلۈك بولغاچقا، مەن يەنە تىرىشىپ يۈرۈپ بىر يوللار بىلەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالمىشىپ چىقىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىجادىيەت ھاياتىم باشلاندى. تۇنجى شېئىرىم قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ئارقىدىن «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ كەينىدىن «قەشقەر ئەدەبىياتى»غا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىي ھاياتىم مەتبۇئاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، يازغان ئەسەرلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا شېئىرىيەت، شېئىرىيەت تەرجىمىچىلىكى، ئوبزورچىلىق، ئىلمىي تەتقىقات، ماقالە يېزىقچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئاز - تولا ئىش قىلغان بوپتىمەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 پارچە كىتابنىڭ ئىگىسى بوپتىمەن. يېقىندا پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئالتە پارچە كىتاب ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلانغان ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى بوپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆرۈلۈپ كەينىمگە قارايدىغان بولسام مەندىن تېخى تۈزۈك ئىشمۇ چىقماپتۇ. ساپلا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئويلىغان ئويلىرىمغا، پىلانلىرىمغا قارىغاندا ئۇلار يوقىلالىڭ بىر ئىش بوپتۇ. مەن بۇلاردىن بىرئاز ئۆكۈندۈم. ھاياتىمنىڭ بىر مەزگىللىرىنى شېئىرىيەت ھەۋەسلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، ئەپسۇسكى كۆپ ۋاقىتلاردا يەنىلا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم يەنە يار بەرسە، بەزى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىمەن. ئارمان باشقا، دەرمان باشقا، رېئاللىق تېخى باشقا، ئىمكانىيەت قانچىلىك بولىدۇ ئۇنىڭغا قارايمىز. لېكىن يۈرەكتە ھاياتنى ھەرگىزمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكتىن ئىبارەت بىر غايە يېلىنجاپ تۇرىدۇ.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: سىز تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىڭىزدا، ئەنە شۇنداق ھەر بىر قېتىم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قىينالغاندا ياكى ئىجادىي ئەسەرلىرىڭىزنى ئېلان قىلىش جەريانلىرىدا تېڭىرقىغان ۋاقىتلىرىڭىزدا بىرەر ئۇستازنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولامتىڭىز؟**

ئابدۇقادىر جالالىدىن: شۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئارىسىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بار ئىدى. ئىمىن سوپى، روزى ھاشىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز شۇنىڭ مىسالى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. توققۇزاق ناھىيەسىدىن چىقىدىغان «كونىشەھەر ئەدەبىياتى» دەيدىغان يەنە بىر ژۇرنالمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئەسەر ئېلان قىلىش مەن ئۈچۈن بىر ھەۋەس ئىدى. «ئەسەر ئېلان قىلىش، ئەسەر ئېلان قىلىش جەريانى، يازغۇچىلار ھاياتى ۋە بىر ئەسەر قانداق روياپقا چىقىدۇ» قاتارلىقلار ھەققىدە بىرەر ئەقەللىي ساۋات ۋە چۈشەنچىلىرىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدۇق. بىزدە پەقەت ئەسەر ئېلان قىلىشنىڭ شۆھرىتىگە مەپتۇن بولۇشلا بار ئىدى. بىزنىڭ ئىجادىيەت رېئاللىقىمىز مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بولسۇن، تولۇقسىز ئوتتۇرا ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بولسۇن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يازىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇشى شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىيى ۋە بەختى دەپ قارايمەن. ئەپسۇسكى ھازىر بۇ مەسىلىلەر ئانچە تەكىتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى ھەم ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەدرىمۇ ئانچە يوق بولۇپ قالدى. لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۆزىنىڭ ئۆتۈۋاتقان دەرسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈ-

رەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇشى كېيىنكى ئىجادكار
ۋە تۆھپىكارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم. مانا
بۇلار دەل سىز دېگەندەك مېنىڭ ئۆسمۈرلۈكۈم كەبى
كىچىك ھەۋەسكارلارنىڭ تېگىرقاشلىرىغا مەلھەم، دەردلى-
رىگە داۋا، سوئاللىرىغا جاۋاب بولىدىغان كىشىلەردۇر.
مەن موھتاج بولغاندا شۇنداق ئۇستازلىرىم بولغان، ئەمما
يەنىلا ئاز ئىدى. بەك غايىۋى بولمىسىمۇ ھەرھالدا يامان
ئەمەس ئىدى. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى،
ئۆسمۈرلەرنىڭ، ياشلارنىڭ تېگىرقاشلىرىغا مەلھەم، دەرد-
لىرىگە داۋا، سوئاللىرىغا جاۋاب بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئابدۇمجىت مۇھەممەد: سىز ئىجادىيەت ھاياتى-
ڭىزدا ئەدەبىياتنىڭ خېلى كۆپ مەنبەلىرىدە قەلەم تەۋ-
رىتىپ، قەلەم تەۋرەتكەن ھەر بىر تۈردە ئوقۇرمەنلەر-
نىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، شۇ تۈرگە ئۆزىڭىزگە
خاس بايرىقىڭىزنى تىكلەپ كەلدىڭىز. سىز ئاشۇ تۈر-
لەرنىڭ قايسىسنى ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن ئۆزىڭىزگە
ئەڭ يېقىن ژانىر دەپ قارايسىز؟**

ئابدۇقادىر جالالىددىن: مەن يەنىلا شېئىرىيەتنى
ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىگە ئەڭ يېقىن ژانىر دەپ قارايمەن. بۇ
ئارىدا مەن شېئىرنى كۆپ يازالمىدىم. ئەمما مەن ھەمىشە
ئۆزۈمنى بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇنىڭ ئىچىدە ھېس قىلى-
مەن. شېئىر ئوقۇيمەن، كېتىۋېتىپ شېئىر ئويلايمەن، ئا-
دەتتىكى ھەر خىل ھادىسىلەردىن، ئادەملەرنىڭ ھەر خىل
قىلىق ھەرىكەتلىرىدىن شېئىرىي سېزىملارنى تېپىۋالىمەن.
گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىسى يېزىلمىسىمۇ. ئاشۇلاردىن قارى-
غاندا مەن ئاداققىچە شېئىرنى ئۆزۈمنىڭ تەبىئىتىمگە ئەڭ
يېقىن ژانىر دەپ ھېسابلىسام كېرەك.

ئەمدى مېنىڭ ماقالىلىرىم ئاساسەن بىر خىل ئىجتىما-
ئىي جاۋابكارلىق بولۇپ، ئۇلار بىر خىل مەسئۇلىيەت نۇق-
تىسىدىن يېزىلىدۇ. چۈنكى ماقالىلىرىمنى مەتبۇئاتلار
بەكرەك قارشى ئالىدۇ. ئوقۇرمەنلەر تېخىمۇ بەكرەك ياق-
تۇرىدۇ، ماڭا ئايانكى بۇ ھەرگىزمۇ ماقالىلىرىمنىڭ قالتىس
يېزىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىزدا
مۇستەقىل بىر ژانىر قۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ئاممىباب ماقالى-
لەرنىڭ كۆپ بولمىغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنى يازىدىغان ئاپ-
تورلار قوشۇنىنىڭ يېتىشىپ چىقمىغانلىقىدىن دەپ قاراي-
مەن. بىزدە ماقالە يېزىقچىلىقى ھازىر بىر خىل رەسمىي

گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىۋاتىدۇ. لېكىن پىشىپ يېتىلىش
باسقۇچىنى تېخى كۈتۈۋاتىمىز. بۇ تېخى ئالدىمىزدىكى
ئىش. تاكامۇللاشقان، رەسمىي ئىلمىي، پەلسەپىۋىلىككە
تويۇنغان ماقالىلەرمۇ بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ خىل ما-
قالىلەر زور سانىنى ۋە كۆلەمنى تېخى تەشكىل قىلىپ بولال-
مىدى. بۇ ئالدىمىزدىكى نەتىجە، ھەممىمىز شۇنى كۈتۈۋا-
تىمىز، شۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇۋاتىمىز. ئەلۋەتتە بۇلار ھەر-
گىزمۇ بىر كېچىدىلا ياكى يېرىم ئايدىلا چولڭ سەكرەپ
ئىلگىرىلەش خاراكتېرلىك تىرىشچانلىق بىلەن بارلىققا كېلى-
دىغان نەتىجىلەر ئەمەس. بۇ تەدرىجىي ئاپتورلار قوشۇنى-
نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ پىششىغا
ئەگىشىپ ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كېلىدىغان نەتىجىلەر
ئەلۋەتتە. شۇڭا مېنىڭ ماقالىلىرىم باشقىلارغا، كىتابخانىلار-
نىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ مېنىڭ شېئىرىيىتىمدىكى ئو-
قۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى، مەپتۇنكارلىقىنى ۋە قىزىقىشىنى
بېسىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمما بۇلار يەنىلا
مېنىڭ ماقالەمدىكى نەتىجە ئەمەس، مەن بۇنى جەمئىيىتى-
مىزدىكى ماقالە قەھەتچىلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ دەپ قاراي-
مەن.

ئەمدى ئالدىمىزغا نەزەر سالساق، كەسپىي ھاياتىم
ھازىرقى خىزمىتىم ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە
تۇتقاندا ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقات ۋە ماقالە يې-
زىقچىلىقىنى كۆپرەك قىلىشىم مۇمكىن. ئەمما يەنىلا
مۇمكىن قەدەر قەلىمىمنى شېئىرىيەتنىڭ بىلىيىگە بىلەپ تۇ-
رۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە شۇنداق قىلىپ تۇرىمەن.
چۈنكى شېئىر پىكرىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئىنساننىڭ مەنىۋىيە-
تىدىكى ئەڭ خىلۋەت، ئەڭ يارقىن، لەھزە ئىچىدە يوقاپ
تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر خىل يۇقىرى
دەرىجىدىكى سەنئەت، بىر مىللەتنىڭ تىل سەنئىتى شېئىردا
ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ. شېئىر تۇيغۇلارنى
نەق مەيداندا دەرھال تۇتۇپ، دەرھال ئەكس ئەتتۈرۈش-
تىن ئىبارەت مۇشۇ خىل ھازىر جاۋابلىقنى تەلەپ قىلىدىغان
بىر ژانىر. ھەرقانداق بىر قەلەم ساھىبىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى-
نى تاۋلاشتىكى زۆرۈر بىر سىناق دەپ قارايمەن.

**ئابدۇمجىت مۇھەممەد: بىلىشىمچە ئەتراپىمىزدى-
كى دوستلىرىمىز سىزنىڭ تەرجىمە ئىجادىيىتىڭىزگە ھەم
بەكرەك قىزىقىدۇ. مەيلى ئېما تاللاش بولسۇن ۋە ياكى**

**تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىل، مەزمۇن جەھەتلىرىدىن بولسۇن، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ بىر خىل يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ئەمدى سىزنىڭ تەرجىمە ئىجادىيىتى ھەققىدە بايانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق.**

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مېنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىمدە كونا ئەمگەكلىرىمدىن «ئەپلاتون پاراڭلىرى»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، «قىزىل خەت» قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئوقۇرمەنلەر بىلىدۇ. ئەمدى يېڭى تەرجىملەردىن ئاللا خالىسا، تەرجىمە شېئىرلىرىمدىن پۈتكەن بىر توپلام نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن كىتابىنىڭ تەرجىمىسىنى تاماملاپ نەشرگە تاپشۇردۇم. ھازىرچە ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ تەشنالىقىغا مۇشۇ مەھسۇلاتلىرىم ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ تۇرىمەن. تەرجىمە ئەمەلىيىتىمگە، مەقسەت مۇددىئالىرىمغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ھەمىشە تەرجىمىدە ئۆزۈم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىمەن. مەيلى «زورروئاستىر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن تەرجىمە بولسۇن، مەيلى مەن تەرجىمە قىلغان بىر قىسىم شېئىرلار بولسۇن، مەيلى ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرى بولسۇن ۋە ياكى مورتىمېر ئادلېرنىڭ «غەربنىڭ تەپەككۇرى» دېگەن ئەسىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈچۈن قىلغان ئەمگەكلىرىمدۇر. مەن بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلار ھەققىدە ئويلىنىمەن: بىرىنچىدىن، مەن بۇ ئەسەردىن بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنەلىشىم كېرەك دەپ قارايمەن. ئىككىنچىدىن، بۇ ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ پىكىر قاتلىمىغا بەلگىلىك تەسىر قىلالىشى كېرەك دەپ قارايمەن. ھەرگىز ھەۋەس ئۈچۈن ۋە ياكى قەلەم ھەققى ئۈچۈن تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەسمەن. مانا مەن ھازىرغىچە ئىجادىيەت ۋە تەرجىمىنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقتىم. نەتىجىدە شۇنى بايقىدىمكى، تەرجىمىگىمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانغا ئوخشاش كۈچ كېتىدۇ. ھەتتا تەرجىمىگە كەتكەن كۈچ بەزىدە ئىجادىيەتكە كېتىدىغان كۈچتىن ھالقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ تەرجىمە بىر جەھەتتىن ئەسلى ئەسەردىكى پىكىرنى تەتقىق قىلىش بولسا يەنە بىر جەھەتتىن ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدا بىر خىل سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدۇر. شۇنداقلا باشقا بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى مەلۇم بىر پىكىرنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ قوبۇل قىلىش پىسخىكىسى ۋە ئېستېتىك زوقىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ تەتقىقات جەريانىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمە مېنىڭ ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلىشىمنىڭ يەنە بىر ۋاستىسىدۇر. ئەپسۇسكى بىزدە ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر تەرجىمىنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلىرىگە ئېرىشىشىدە تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ دەپ قارايمەن. مەسىلەن: شولوخوفنىڭ «تىنچ دون»نى تەرجىمە قىلغان، تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى تەرجىمە قىلغان، ھېيوگۇنىڭ «خورلانغانلار» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. شۇڭا بىز ھەرقاچان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەتىجىلىرىمىزدىن پەخىرلەنگەن ۋاقىتلىرىمىزدا بۇنىڭ ئۈچۈن جاپا چەككەن، زور ئەجىرلەرنى كۆرسەتكەن تەرجىمانلىرىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىپ بېرىشى، خىزمەت ئورنىڭىز ۋە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەپەرلىرىڭىز سىزنىڭ قايسى تۈر ۋە ژانىرلاردا، شۇنداقلا قانداق تېمىلاردا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىڭىزغا قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ بۇ تەسىرلەردىن قىسقىچە بىر ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن بولسىڭىز؟**

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مەن ھازىرغىچە بولغان قىسقىغىنە ھاياتىمدا ئىككى قېتىم چەت ئەل سەپىرى قىپتىمەن. بۇ سەپەردە تۇرغان ۋاقتىممۇ ئۇزاق ئەمەس، پەقەت بىر يىل ياكى بىر يىلغا يەتمىگەن بىر ۋاقىت. بۇنداق ۋاقىتلاردا چەت ئەلنى مۇپەسسەل چۈشەندىم دېگىلى بولمايدۇ. چەت ئەلنى مۇپەسسەل چۈشىنىش ئۈچۈن خېلى جىق ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمدى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان مۇشۇ جەمئىيەتنى بىر يىل ئىچىدە چۈشەنمەيۋاتقان ۋاقىتلاردا چەت ئەلنى بىر يىل ئىچىدە چۈشەندىم دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ھاماقەتلەرچە ھۆكۈم بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بەزىبىر تەسىراتلارغا ئېرىشتىم دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىلەن شۇ مەن چىققان چەت ئەلنىڭ جەمئىيىتى

ۋە مەدەنىيىتى بىلەن سىڭىشتۇرما ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بەزى پەرقلىق چۈشەنچىلەرنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. مېنىڭ ساياھەت ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشىم دەل چەت ئەلگە قىلغان سەپىرىمدە ئېرىشكەن تەسىراتلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىمگە دەپ بېرىش ئىستىكىدىن بولدى دەپ قارايمەن. مۇشۇ ساياھەت ئەدەبىياتى ژانىرى دەل مۇشۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ژانىر. مەسىلەن: بۇنىڭدا ھەم ئاممىبابلىق بار ھەم مەن كۆرگەن، باشتىن كەچۈرگەن جەريانلار، كەچمىشلەرنىڭ تەپسىلاتىمۇ بار. تەبىئەتمۇ بار، جەمئىيەتمۇ بار، ئادەم ئامىللىرىمۇ، شۇنداقلا باشقا ئۇششاق ھادىسىلەرمۇ، ۋەقەلەرمۇ بار. ئاندىن بۇ ۋەقەلەرگە ياندىن قاراپ ئولتۇرۇپ مەندە پەيدا قىلغان ئوي-پىكىرلەرنى يانداشتۇرۇپ يېزىشىمۇ بار. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئانچە قىينالمايلا ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغان مۇددىئاسىنى قوبۇل قىلالايدۇ دەپ قارايمەن ھەم بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئارىسىدا چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئادەملىرىمىز ئىنتايىن، ئىنتايىن ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قىسىم ئادەملەرنى چەت ئەلگە قىزىدۇ دەپ قارايمەن. خەلقىمىزنى دۇنياغا قىزىقتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. دۇنيا دېسە ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەھەللە، دەپ چۈشىنىپ قالساق بولمايدۇ. بىزگە چەت ئەلگە چىقىش گەرچە ناھايىتى تەس بىر جەريان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار، ئىنتىلىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى بۇ يوللارمۇ ئاسانلىشىدۇ، راۋانلىشىدۇ. بارا-بارا بىزدىكى چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىدۇ. ئاشۇنداق بولغاندىن كېيىن دۇنيانى كۆرگەن ئادەملىرىمىز كۆپەيگەنسېرى ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەرمۇ كۆپىيىدۇ دەپ قارايمەن. مەسىلەن: مەن يازغان ئاشۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەسەر تېمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «ئۆزىنى ئىزدەش»، «مەۋجۇت بولۇش»، «ئۆزىنى ئىپادىلەش» قاتارلىق مۇشۇنداق ھالقىلىق سۆزلەرگە مەركەزلەشكەن. مەن ھەرقانداق پىشقان بىر ئەدەبىياتتا، يەنى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى پىشىپ يېتىلگەندە ئۇنىڭدا ھەممە ژانىرلار ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى يارىتىدۇ دەپ قارايمەن. بىزدە بۇ خىل ساياھەت ئەدەبىياتى خېلى ئۇزاق دەۋرلەردىن باشلاپ داۋاملىشىپ كەلگەن بىر تۈردۇر. سىز مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىدىن تارتىپ، زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە»سىنىمۇ ساياھەت ئەدەبىياتى دېسىڭىز بولىدۇ. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتنىڭ «ئالتە شەھەر خاتىرىسى»، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم تارىخ ۋە تەزكىرىلىرىمىزدىمۇ مۇشۇ خىل نەرسىلەر بار. دېمەك، بۇ بەك يېڭى ژانىرمۇ ئەمەس. ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق جاھان كېزىپ ياشىغان. شۇڭا بىزنىڭ «ئوغۇزنامە»دىن «مەڭگۈ تاش» تېكىستلىرىگىچە، «سەپەرنامە» داستانلىرىمىزدىن «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» قاتارلىق ئەسەرلىرىمىزگىچە بولغان ھەرقايسى تەزكىرە ئەدەبىياتلىرىمىزدا ساياھەتنامە ئامىللىرى خېلى كۈچلۈك. ئەلۋەتتە بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز بىر خىل زامانىۋى مۇھىت بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنكى ھازىرقى ساياھەت ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولدى. شەكىل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇرۇنقى تەزكىرىلەر شېئىرىيەتنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى نەسرىي ژانىردا، يەنە بەزىلىرى نەسرىي ۋە نەزمىي ئارىلاش ھالدىمۇ يېزىلغان. ھازىرمۇ بۇ خىل ئەنئەنىلەر ساقلانماقتا. جۈملىدىن بۇ خىل ئامىللار مېنىڭ يازمىلىرىمدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇلاردىن باشقا يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم تەھلىللەرمۇ بار. ئەمدى مېنىڭ تەزكىرە ژانىردا كۈچىگەن بىر ئىشىم تەزكىرىلەرنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنى بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتىم. ئەمدى بىز باشلىغان بۇ يوللار كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزدا تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، تېخىمۇ پارلاق بىر مەنزىللەرگە يەتكۈزۈلگۈسى دەپ ئويلايمەن.

**ئابدۇمجىت مۇھەممەد: ئوقۇش، ئىجادىيەت ھاياتىڭىز ۋە تۇرمۇشىڭىزنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرى بولغان بەشكېرەم يېزىسى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ، چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش نۇقتىلىرىدىن سىزگە بەرگەن ۋە سىزدىن ئېلىۋالغان نەرسىلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بېرەمسىز؟**

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىمنى ئەسلىسەم، مەيلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەي، مەيلى ئالىي مەكتەپتە ئىشلەي ئومۇمەن قىلىپ

ئېيتقاندا، مېنىڭ ھاياتىم ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدىن ئايرىلمىغان ھايات بولدى. ھازىرغىچە مۇنبەردىن چۈشمەي ئۆتۈپ كەلدىم. مەكتەپتە ئىشلىگەن بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق مېنى تەتقىقاتنى قوشۇمچە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندىدى. شۇنداق بولغاچقا ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز كەسپ ساھەيمدە بەزى ئىزدىنىشلەرنى قىلدىم. بەزى ماقالىلەرنى يازدىم، ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. ئوبزورلارنىمۇ يازدىم، شۇڭا بۇ جەرياندا ھەم شېئىرىيەت ئىجادىيىتى، ھەم تەتقىقات ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىمۇ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغان بولدۇم. ئەمدى ئەسلەپ باقسام مەكتەپ ھاياتىنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولدى. مەسىلەن: ئىزدىنىش، تەتقىقات ۋە ئويلىغان نۇرغۇن خام پىكىرلىرىم مۇنبەرلەردە دەرس سۆزلەش جەريانىدا پىشقان بولدى. بەزى ماقالە يازىدىغان مائارىپقا دائىر ئىدىيەلىرىم مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ رېئاللىقىنى كۆزەتكەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىمدىن بارلىققا كەلدى. شۇڭا مەكتەپ ھاياتى مەن ئۈچۈن بەزى ئىلمىي ئىزدىنىشلەرگە ھامىي بولدى، دەپ قارىسام بولىدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ مەندىن ئېلىۋالغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئەسلىي مەن كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئۇچرىشىشىم كېرەك ئىدى. جەمئىيەتنى كۆزىتىشىم كېرەك ئىدى، ئوخشىمىغان تۇرمۇشلارنى مەسىلەن: جەنۇب ۋە شىمال رايونلىرىمىزدىكى خەلقىمىزنىڭ ھەر خىل تۇرمۇشلىرىنى كۆرۈپ ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاددىي خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بەكرەك باشتىن كەچۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مۇشۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالدىم، ئەسلىي مەندىن خېلى ياخشى بەزىبىر ئىجادىي ئەسەرلەر چىقىشى كېرەك ئىدى. لېكىن مۇنبەر مېنى ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە باغلىۋالدى. كېيىن دىيارىمىزدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىمۇ زىيادە بىيوكراتىك، زىيادە ئادەم باشقۇرىدىغان مۇنداق بىر ئەھۋالدا بولغاچقا بىزنىڭ مەكتەپ سىرتىغا چىقىدىغان پۇرسەتلىرىمىز ئىنتايىن ئاز بولدى. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بىپايان تۇرمۇشىمىزنى كۆزىتىش ئىمكانىيىتى مەن ئۈچۈن ناھايىتى ۋە ناھايىتى ئاز بولدى. شۇڭا مەن جەمئىيەتنى بەك چۈشىنىمەن دەپ قارىيالمايمەن. مەندە نەزەرىيەۋى جەھەتتىكى نەرسىلەر بەلگىلىك دەرىجىدە يۇكسەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ نەزەرىيەلەرنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىمىز بىلەن، رېئاللىقىمىز بىلەن تەتبىقلاپ چىقىدىغانغا پۇرسەت تازا كۆپ بولمىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمەن.

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: مەن بىلىشكە تېگىشلىك يەنە مۇنداق بىر نۇقتا بار. سىز كىچىك ۋاقتلىرىڭىزدىكى يېڭى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋاقىتلاردا، يەنى قەشقەر يېزىلىرىدىكى، يېڭى خىزمەتكە چىققان ۋاقىتلاردىكى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگەن ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىڭىزدىكى ئوقۇغۇچىلىرىڭىز سىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىڭىز ھەققىدە پىكىرلىشىدىغان، بەزى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تۇنجى كۆرىدىغان ئوقۇرمەنلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئارىسىدا سىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىڭىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلىمى مەۋجۇت. ئۇلار سىزدە قانداق يېڭى ئوي، سوئاللارنى تۇغدۇرالىدى؟ قەلبىڭىزدىكى مەلۇم بىر پىكىرگە ئورتاقلىشالايدىغان پىكىرداش ئوقۇرمەنلەرگە ئايلىنالىدىمۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مەن ھازىرغىچە بولغان ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگەن ۋاقتىم ئىنتايىن كۆپ بولدى. شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى. بۇ يەردە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن كېلىپ بىلىم ئاشۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بار. بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئالدى بىر يىل ياكى ئىككى يىلغا قەدەر، كەينىمۇ 10 يىل، 20 يىل مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلغانلار بار. بۇلار مائارىپىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلاملاردىكى مائارىپىمىزنى كۆزىتىدىغان كۆزنەكلىرىم بولدى. ئۇلار شۇ مائارىپنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان قۇلىقىم ۋە كۆزۈمدىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەردى. مەن گەرچە بىۋاستە، قەشقەردىكى، خوتەندىكى ياكى تۇرپان، قومۇللاردىكى، غۇلجا، چۆچەكلەردىكى مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسامۇ، ئەمما مۇشۇلارنىڭ بەرگەن بەزىبىر ئۇچۇرلىرى، ئىنكاسلىرى، مۇشۇلارنىڭ ئەپسۇس نادامەتلىرى ئارقىلىق مەۋجۇت مائارىپىمىزنىڭ تەقدىرىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. شۇڭا مېنىڭ مائارىپ ھەققىدە يازغان بىر

قىسىم يازمىلىرىمنى مۇشۇلار بەرگەن پىكىرلەر ئاساسىدا بولدى. ئەمدى مەن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا مۇشۇ سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان ھەۋەسكارلار، قەلەم ئىگىلىرىنى يېتەكلەش جەھەتتە سىڭدۈرگەن ئەجرىمۇ ناھايىتى جىق بولدى. بۇلار يىل ئاخىرىدىكى خىزمەت خۇلاسىلىرىدە تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، بۇلارنى ئۆلچەيدىغان بىرەر تارازا تېخى چىقمىغان بولسىمۇ، مۇشۇلارمۇ مېنىڭ خىزمىتىمدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىملارنىڭ بىرسى دەپ قارايمەن. مەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆردۈم، نۇرغۇن شېئىرلارنى كۆرۈپ چىقتىم، باھا بەردىم، پىكىر بەردىم، تۈزەتتىم، نۇرغۇن بالىلارنى ئىلھاملاندۇردۇم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ ئىجادىيەت سېپىمىزدە ئاكتىپ قەلەم ئىگىلىرى بولۇپ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنىڭغا كەتكەن زېھنىممۇ ئاز ئەمەس دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر جاي - جايلاردا مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ئىشلەۋاتىدۇ. مېنىڭ ئاسپىرانت قوبۇل قىلىۋاتقىنىمغا تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىدى. ھازىر تېخى ئىككى قارار ئوقۇغۇچۇم ئوقۇش پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئەمما مېنىڭ ئاساسلىق تەربىيەلىگەن ئوقۇغۇچىلىرىم ئاساسەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكى چوڭلار مائارىپىنىڭ كۇرسانتلىرى ۋە كېيىنكى ئادەتتىكى مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر. شۇڭا مەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم بار دەپ ئېيتالايمەن. بۇ مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇلار مېنىڭ نەتىجەم ھېسابلىنىدۇ. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئادەتتە دەرسلەردە بالىلارغا بىلىم ئۆگىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيمەن. مەن يەنە ئادىمىيلىك جەھەتتە ئۇلارغا جىق تەسىر بېرىشكە تىرىشىمەن. ئەمما بۇلارنى پەند - نەسىھەت شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىم ئارقىلىق، كۆيۈنۈشۈم، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم، ئۇلارغا قىلغان تەۋسىيەلىرىم ۋە مۇراجىئەتلىرىم ئارقىلىق، شۇنداق تەسىرلەرنى بەردىم ۋە بېرىۋاتىمەن. شۇڭا مەن ھەرقانداق يەردە ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ سەممىمىي مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلەيمەن دەپ قارايمەن. ئۇلار قانداقتۇر مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق نوپۇزۇمدىن ئەنسىرەپ ياكى شۇنىڭغا چوقۇنۇپ، تېۋىنىپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئىنسانىي سۈپىتىمنى ئەزىزلەپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلسا كېرەك دەپ قارايمەن، ھېچبولمىغاندا شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد:** ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتكە يېڭىدىن كىرىشكەن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىڭىزدا سىزدىن تەلىم ئېلىش پۇرسەتلىرىگە تۇنجى بولۇپ ئېرىشكەن تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۆسمۈر بالىلارمۇ سىزگە زوق بېرەلەمتى؟ سىز ئۇلاردىن بىر خىل ئىجادىيەت ئىلھامىغا ئىگە بولالامتىڭىز؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** ئەلۋەتتە. ئۇ چاغلار مېنىڭ يېڭى خىزمەتكە چىققان ۋاقىتلىرىم بولغاچقا ئەڭ قىزغىن، خىزمەتكە ئۆزۈمنى ئەڭ بېغىشلىغان ۋاقىتلىرىم ئىدى. بۇ چاغلاردا خىزمەت مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل رومانتىك مەپتۇنكارلىققا ئىگە ئىدى. شۇڭا مەن يېڭى خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنىڭ بارلىقىمنى خىزمەتكە، بالىلارغا سىنىپ مەسئۇلى بولغان، ھەتتا شۇ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان 60 نەچچە بالىغا ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە توغرىلاپ تۇرۇپ كىتاب سېتىۋېلىپ، ئۇلارغىمۇ چاندۇرماي تۇرۇپ، ھەر بىرىگە بىردىن كىتاب تەقدىم قىلغان مەن مۇشۇ دەرىجىدە ئۆزۈمنى بېغىشلىغاندە ئۇ بالىلارغا بىراق ھازىر ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ھازىر قەيەردە ئەكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى ياتاقىم كىچىك ۋە ئاددىي بولسىمۇ، شۇ دەۋرلەردە ئۆرۈمچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ياش قەلەمكەشلەر بىلەن، تەپەككۇر ئىگىلىرى بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلاپ ئۆزۈلمەس ئەنجۇمەنلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ئىللىق ئۇۋىغا ئايلانغانىدى. ئاشۇ كىچىك ياتاق ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ جانلىق ئەدەبىيات سالونى ئىدى. بۇلاردىن ئىلھام ئالاتتىم، زوقلىناتتىم ۋە گاھىدا تېخى بىزارمۇ بولۇپ قالاتتىم...

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد:** ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، ئويلاپ باقسام مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىدىن باشلاپ سىزنىڭ قىزغىن ئوقۇرمىنىڭىز بولۇپ كېتىپمەن. بۇ جەرياندا سىزنىڭ «شاراب تومۇرى»، «كۆيگەن دېڭىز»، «ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان»، «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى توپلىمى»، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىڭىزدىن

تاكى «ئەپلاتون پاراگلىرى — سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «زوررۇ ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «غەربنىڭ تەپەككۇرى»، «قىزىل خەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىڭىزگىچە بولغان بارلىق ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىزنى، شۇنداقلا رادىيو ۋە ھەرقايسى تور بەتلىرىدىكى لېكسىيەلىرىڭىزگە ئىشتىراك قىلىپ كەپتىمەن. 2009 - يىلى سىزنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىڭىز بولۇپ ئۈدا ئۈچ يىل يېنىڭىزدا تۇرۇپ سىزدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىپ، قەلبىم خالىغان ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىپ، سىزنىڭ مۇنبەر ۋە مۇنبەر سىرتىدا كۆرسەتكەن ئىلمىي تىرىشچانلىقىڭىزغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتىمەن. شۇنداق بولسىمۇ بۈگۈنكى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ماڭا ۋە باشقا ئوقۇرمەنلەرگە غۇۋا بولغان ۋە بىز قىزىقىۋاتقان تېمىلاردىن يېقىندا نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان بارلىق ئەسەرلىرىڭىز ھەققىدە تەپسىلىيرەك ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن بولسىڭىز.

ئابدۇقادىر جالالىددىن: ھە، بۇ ھەقتە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىككى قېتىملىق زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم. بۇ زىيارەتنىڭ بىرى «بىر كىتاب — بىر ئالەم» پىروگراممىسى ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن جەمئىيەت بىلەن ئۇچراشتى. ئىككىنچى پىروگراممىسى «مەدەنىيەت بوستانى» دىكى «قەلەم، قەدەم ۋە مۇنبەر» تېمىسىدا بولۇپ، بۇمۇ يېقىندا كۆرۈرمەنلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئاشۇ زىيارەتلەردە بەرگەن جاۋابلىرىمدا سىزنىڭ ھازىر سورىغان مۇشۇ سوئاللىرىڭىزغا بېرىدىغان جاۋابلىرىم ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتكەنىدى. نۆۋەتتە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن ئالتە پارچە كىتابىم نەشر قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىككىسى ساياھەتنامە، ئۈچى ماقالىلار توپلىمى، بىرسى شېئىرلار توپلىمى بولدى. ئەمدى بۇلاردىن باشقا يەنە پەن-تېخنىكا نەشرىياتىدىن مېنىڭ تەجرىبىلىرىم، شېئىرىيەتكە، پەلسەپىگە ئائىت، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت بىر تۈركۈم كىتابلىرىم نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەرجىمە شېئىرلىرىمدىن پۈتكەن بىر توپلام بىلەن ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت»مۇ بار. ئاللا خالىسا مۇشۇ يىلى يىل ئاخىرىغىچە بۇ كىتابلار كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوقۇرمەنلىرىمگە ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي ئوندىن ئارتۇق كىتابنى تەقدىم قىلغان بوپتىمەن. مەن قاتناشقان ۋە بىۋاستە تۈزگەن دەرسلىك، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە شېئىر توپلاملىرىنى قوشقاندا جەمئىي 20 پارچىگە يېقىن كىتاب بوپتۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا مەن تەرجىمىنى جىقراق قىلىپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئەمما بۇلار ھەرگىزمۇ مېنىڭ تەرجىمان بولۇش تاماسىدا بولغىنىمدىن ئەمەس. مەن ھېچقاچان ئەدەبىي تەرجىمان بولۇشنى ئويلاپ باققانمۇ ئەمەس. مېنىڭ دائىم قانداقتۇر ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ باققۇم كېلىدۇ. شۇڭا ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆگەنگۈم كېلىدۇ، تەرجىمە ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا ھەقىقەتەن ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنغۇم كېلىدۇ. ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدىمۇ تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانمايمەن، دەپ ئېيتالمايمەن. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا ئەقلىي ھالدا ئىجادىي ئەسەرلەرگە بېرىلىدىغان ۋاقتىمنىڭ كۆپرەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلماقچى.

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: يۇقىرىقى سۆھبىتىمىز مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە سىز بۈگۈنگىچە بولغان 30 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىڭىزدا تېرىغان «جىمى زىرائەت» لىرىڭىزنى خامانغا يىغىپ، ئۆز ئىجادىيىتىڭىزدىن «ھېساب» ئېلىپ چىقىپسىز. ئۇلارنى تاسقاپ، رەتلەش ۋە تولۇقلاش ئارقىلىق بىر قاتار ھاسىلاتلار ئوقۇرمەنلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇ تاپ مەن شۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم. ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ھاياتىنى ئىجادىيەت، تەرجىمە ۋە تەپەككۇر بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قەلەم ساھىبى، بىر ئاھالىغۇچى سۈپىتىدە ئۆز ئەسەرلىرىگە يۈزلەنگىنىدە قانداق روھىي تۇيغۇ ۋە تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىغا ئېرىشىدىكەن؟ يېقىندا نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ رەتلىنىپ، نەشرىياتقا ماڭغىچە بولغان جەريانلاردىكى ئويلىغان ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئۇچۇر بەرگەن بولسىڭىز، مۇمكىن بولسا بۇ ئەسەرلەر ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئابدۇقادىر جالالىددىن: بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، مەن ھەقىقەتەن بىر خىل خىجىللىق

ھېسسىياتىدا بولدۇم. ئوقۇرمەنلەر مېنى خېلى چوڭ بىلدۇ. شۇڭغا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ يازغان ئەسەرلىرىمنى تېما ۋە كۆلەم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا دېگەندەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا مەن ھازىرغىچە گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىزنىڭ، مەتبۇئاتلىرىمىزنىڭ «تۇگمىنى»گە سۇ قۇيۇپ كەپتىمەن. ئەمدى يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلىم ـ شۆھرەت قەسرىنى قۇرىمەن دەپ، مەنۋىيىتى ئېچىرقاپ تۇرغان كىتابخانلارنى تاشلاپ قويۇشمۇ مەن ئۈچۈن بىر خىل ۋىجدانسىزلىقتەك بىلىندى. شۇڭا مېنىڭ ماقالىلەرنى كۆپرەك يېزىشىممۇ بىرسى جەمئىيەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى. ئىككىنچىسى، تەھرىراتلىرىمىزنىڭ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلىرىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى چاقىرىقلىرى، مۇراجىئەتلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. شۇڭا بىر قىسىم ماقالىلىرىمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاشۇ ژۇرنال تەھرىرلىرى بەكرەك سەۋەبچى بولدى. ئەلۋەتتە بۇ ماقالىلەر ئارىسىدا پوبلىستىك ماقالىلەر جىقراق بولدى. پوبلىستىك ماقالىلەر دېگەن شۇ ئاۋام ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، ھازىر جاۋاب، رېئاللىقنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان، خەلقنىڭ تەپەككۇرىغا نىسبەتەن غىدىق ـ غىدىق بولالايدىغان دەرىجىدىكى ماقالىلەر دېگەن گەپ بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى قانداقتۇر بىر مەكتەپنىڭ ياكى بىر ئورگاننىڭ زىيالىيسى ئەمەس، بەلكى بىر ئاۋامنىڭ زىيالىيسى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئادەملىرىنىڭ زىيالىيسى دەپ قاراپ تۇرۇپ، مۇشۇلارنىڭ تەشنالىقنى بېسىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولدۇم. ئەمما بۇلارنى توپلاپ ئەكەلگەن ۋاقتىتا ئۇلاردا بەزى يارقىن پىكىرلەرنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى بىر سىستېمىغا سېلىپ، پىشقان بىر خىل ۋەزمىن، سىستېماتىك بىر نەرسىلەرنىڭ دېگەندەك كۆپ بولمىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم، بۇ ھال مېنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمىدى، ئەلۋەتتە.

ئەمدى بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتا يەنىلا نەشرىياتنىڭ، جۈملىدىن پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ چاقىرىقى بەكرەك تۈرتكە بولدى. ئەمما بۇ كىتابلارنى نەشرگە بەرگەندىن تارتىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا بىرئاز ۋاقىت ئۆتتى. مەن ئەسەرلەرنى ئاساسەن ۋاقتىدا تاپشۇردۇم. ئەمما كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى ئۈچۈن خېلى جەريانلار كەتتى. پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى ئادەتتە پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى، ئىلىم ـ پەن ساۋاتلىرى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقىغا ئائىت تەھلىللىرى ھەققىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكىنى جىق قىلغان، تەھرىرلىك كۈچى ئاساسەن تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى تۈرلەرگە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، ئىجتىمائىيەت، پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات خاراكتېرىدىكى بۇ خىل نەرسىلەرنى تەھرىرلەش جەھەتتىكى كۈچى، سۈپىتى بىر قەدەر ئاجىزلىق قىلدى. بۇلاردا تەجرىبىسىزلىكمۇ بار. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلار كىتابىمنى نەشر قىلىش جەھەتتە پائال، قىزغىن، ئاكتىپ بولسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇلارنىڭ تەھرىرلىك قۇرۇلمىسى ۋاقىت تەقەززاسىغا يار بەرمىدى. بۇ جەرياندا مەن نەشرىياتنىڭ بۇ ئىشلىرىغىمۇ ئاكتىپ ماسلاشتىم. تەكلىپ بويىچە تەكرار ـ تەكرار كۆرۈپ چىقتىم. تەھرىرلەر كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈم يەنە بىر كۆرۈپ چىقتىم، ئەمما مەيلى تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن، مەيلى كورېكتورلۇق نۇقتىسىدىن، ھەتتا بەزى ئىلمىلىك نۇقتىلىرىدىن يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر، بەزىدە ئاپتورنىڭ شىنگە بېرىپ تاقىلىدىغان سەۋەنلىكلەرمۇ يۈز بەردى دېيىشكە بولىدۇ. ئېھتىمال بۇلار جەمئىيىتىمىز خىزمەت مېخانىزمىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلۈۋاتقان بەزى بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ بىر خىل مۇجەسسەملەشكەن ئىپادىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

ئىقتىساد نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەستايىدىل ئويلاپ باقسام، بۇ كىتابلارنى بەرپا قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا مەن تەخمىنەن 30 يىلغا يېقىن ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپتىمەن. يەنى تاكى ھەۋەس بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالغان ۋاقتىمدىن باشلاپ ھازىرقى ۋاقىتلىرىمغىچە 30 يىل مۇشۇ كويدا يۈرۈپ، قىلغان ئىشىم مۇشۇ ھازىر چىقىپ بولغان ئالتە پارچە كىتاب ۋە چىقماقچى بولغان بىر نەچچە پارچە تەرجىمە كىتاب بوپتۇ. نەتىجىدە شۇ نەرسە ئايان بولىدىكى مۇشۇ 30 يىللىق ئەمگىكىمنىڭ قەلەم ھەققىگە ماشىنا كەلسە كېرەك. ئەمما تۈزۈك بىر ئۆي كەلمەيدىكەن. بۇلارنى مەن جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدە بەش ـ ئالتە يىل قاتراپ يۈرۈپلا ئانچە قىينالماي ئۆي ئالغان، ماشىنا ئالغان ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ

باقتىم، شۇنىڭدىن قارىغاندا ھازىرقى زامانىمىزدا تېخى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى، قىلغان ئەمگەكلىرى ۋە سەرپ قىلغان كۈچلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى، ۋاقىت جەھەتتىن، زېھىن جەھەتتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە روھىي جەھەتتىن تۆلىگەن بەدەللىرىنى ئىقتىساد بىلەن ھېسابلاش ئەسلا ۋە ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مەنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا قەلەم ھەققى ئۈچۈن ياشاپ باقمىدىم، ئەمما قەلەم ھەققى جىقراق بولسا ئەلۋەتتە مەن ئۈچۈن ياخشى دەپ قارايمەن. چۈنكى مەندىمۇ بىر ئائىلە مەۋجۇت. مانا بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر مەدەنىيەت ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئويلىشىپ باقسا بولىدىغان مەسىلە. بىزدە قاچان بىر يازغۇچى خەنزۇ ئاپتورلىرىغا ئوخشاش بىر رومانى بىلەن بىر ئۆي ئالالايدىغان، بىر ماشىنا ئالالايدىغان بولىدۇ؟ ياكى ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئۆمۈربويى قىلغان بىر ئەمگەكلىرى ئارقىلىق بىر ئۆينى قامداپ ياكى چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىپلا ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەقلىي پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن يەنە بىر يېڭى دەسمى سالالايدىغان بولىدۇ؟ بۇمۇ بىر ئويلىنىپ باقىدىغان مەسىلە ئىكەن دەپ قارىدىم. گەرچە قەلەم ھەققىنى ئويلىماسلىق بىر خىل ئالىيجانابلىق ھېسابلانسىمۇ، ئەھۋال شۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلارنىڭمۇ ئىچى كاۋاك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ قارىشىمدا بىزنىڭ ئەدىبلەر قوشۇنىمىز، زىيالىيلار قوشۇنىمىز ئاجىز دەپ قاقشاۋاتىمىز، بۇلارنى كۆپەيتىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگىكى مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئوقۇرمەنلەر ساھەسى نۇقتىسىدىن بولسۇن كۆپرەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، كۆپرەك قوللاشقا موھتاج دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: ئۇنداقتا سىز بۇگۈنگىچە بولغان ئىجادىيەتلىرىڭىزدە ئۆزىڭىز يازماقچى بولغان نەرسىلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تولۇق سۇنالىدىم دەپ قارامسىز؟ ئوقۇرمەنلەر سىز ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ سىز ئويلىغاندەك مۇلاھىزە قىلىپ قوبۇل قىلالىدىمۇ؟ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئوقۇرمەنلىرىڭىزدىن رازىمۇ؟ ئۇلاردىن قانداق تەلەپلەرنى كۈتىسىز؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مەن ئويلىغان نەرسىلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تولۇق سۇنالىدىم، دەپ ھەرگىز ئويلىمايمەن. ھەتتا مەن تېخى ئۆزۈم ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى يازالىدىم دەپ قارايمەن. چۈنكى بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر جەمئىيەت مېخانىزمى، مەيلى ئۆرپ - ئادەت، مەيلى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىشلار بولسۇن ئۇششاق قائىدە سۈرۈشتۈرۈپ، شۇنىڭ ئىچىدە نەيراڭۋازلىق قىلىپ يۈرىدىغان ئادەملەر تەرىپىدىن يېتەكلىنىدىغان، كېچە - كۈندۈز ئويلاپ چىققان خىلمۇخىل مۇناسىۋەتلەر تەرىپىدىن يېتەكلىنىدىغان جەمئىيەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ يەنە شۇ ئاۋام ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن شۇلارغا مۇرەسسە ۋە مادارا قىلىش بىلەن بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمىزمۇ ئىسراپ بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان خىزمەت ئورنىمىزدىكى نۇرغۇن ئورۇنسىز يىغىنلار، ئورۇنسىز خىزمەت مېخانىزملىرىمۇ بىزنىڭ زېھنىمىزنى ۋە ۋاقتىمىزنى داۋاملىق خورىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ چوڭ بولۇش جەھەتتىكى پسىخىك ساپايىمىزمۇ ئۆز ئويلىرىمىزنى ئىپادىلەشكە نۇرغۇنلىغان تەشۋىشلەرنى، توسالغۇلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدىكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئامىللارمۇ بار. شۇڭا مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن ئويلىغانلىرىمنى تېخى تولۇق ھالدا ئۆز كىتابخانلىرىمغا يەتكۈزۈپ بېرەلمىدىم ھەم ئۇلارنى تولۇق يازالمىدىم، شۇنداقلا يازغانلىرىمنىمۇ تېخى تولۇق نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇرمەنلەرمۇ تېخى مېنىڭ يازغانلىرىمنى تولۇق قوبۇل قىلىپ بولالىدى دەپ قارىمايمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئۆتكۈر تەپەككۇر قىلىدىغانلارمۇ بار. يازغانلىرىمنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەرمۇ بار. بۇلارنى ئويلىسام ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن. يەنە بىرسى بىر نېمىلەرنى چۈشەنمەي، نادانلارچە مودا قوغلىشىپ، قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان ئوقۇرمەنلەرمۇ ھەم بار. بۇلارنى كۆرسەم ئۆيۈلۈپ كېتىمەن. لېكىن ھەرھالدا نادان كىتابخانغا قارىغاندا ھەممىنى چۈشىنىدىغان، بىزگە

تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىدىغان، بىزگە كۆيۈنىدىغان، بىزگە
مەسئۇل بولىدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى
خالايمەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەن ئومۇمەن ئو-
قۇرمەنلىرىمدىن رازى دېسەم بولىدۇ. ھەتتا مەن بەزى
جەھەتلەردە ئۇلاردىن خىجىل. چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ
مېنى چوڭ بىلگىنىگە لايىق تېخى ئۇلارنى رازى قىلىپ
بولالمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: مېنىڭ بىلىشىمچە
سىزنىڭ بىر پۈتىنگىز ئىجادىيەت ئۇستىلىنىڭ يېنىدا
بولسا، يەنە بىر پۈتىڭىز ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە تۇرۇپ
كەلدى. شۇنداقلا بىر كۆزىڭىز ھەرقاچان ئىجادىيەت
ئەمەلىيىتىدە بولسا، يەنە بىر كۆزىڭىز دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرى ۋە نەزەرىيە تەتقى-
قاتلىرىدا بولدى. ئۇنداقتا سىز ئىجادىيەت، ئوقۇتۇش
بىلەن تەتقىقاتنىڭ، نەزەرىيە بىلەن ئىجادىيەتنىڭ ئۆز-
ئارا دىيالېكتىك مۇناسىۋەتلىرىگە قانداق قارايسىز؟
دەۋرداش قەلەمكەشلەرگە سىلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئۆز
كۆز قاراشلىرىڭىزنى بايان قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئابدۇقادىر جالالىدىن: سوئالىڭىزنىڭ باش قىس-
مىدا جاۋاب بەرگەنگە ئوخشاش مېنىڭ ئاساسلىق
خىزمەت ھاياتىم مۇنبەردە ئۆتتى. ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن
شۇغۇللاندىم، قىسمەن ۋاقىتلىرىمدا تەتقىقات ۋە يېزىقچى-
لىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندىم. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى كىتابخان-
لار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ تۇردۇم. بۇ ھەقتە بايىمۇ
توختالدىم. ئەمەلىيەتتە تەتقىقات بولمىغان ئوقۇتۇشنىڭ
ئۆزى ئۈنۈمسىز ئوقۇتۇش بولىدۇ. ئەگەر تەتقىقات بول-
مايدىكەن، بۇنداق ئوقۇتقۇچى مۇنبەردە تۇرۇپ باللار-
غا ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئوقۇتۇش بىر
جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا نېمىنى تەتقىق قىلىش، قانداق
مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىلار-
نى ماڭا كۆرسىتىپ بەردى. مەسىلەن: مەن ئوقۇتۇش
جەريانىدا دەرسلىكتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بايقىدىم.
يەنە بىرسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلى-
كىنىمۇ بايقىدىم. ئاندىن ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلگەن نۇر-
غۇنلىغان كاۋاك نۇقتىلارنىمۇ بايقىدىم. مەن ئاساسەن
ئالىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، ھەمىشە ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسى-
دا ئۇلار ئالغان ئاساسىي مائارىپ بولغان باشلانغۇچ ۋە
تولۇقسىز مائارىپتا كەم قالغان بوشلۇقلارنىڭ، روھىيىتى-
دىكى كاۋاكلارنى ناھايىتى كۆپ بايقايمەن - دە، گاھىدا
ناھايىتى ئېچىنىپ كېتىمەن. مېنىڭ دەرسخانىدىكى ئاساس-
لىق پاجىئەيىم ــ مەن دېگەن نەرسىلەرنى ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ بايقىماسلىقى، شۇڭا كۆپ ۋاقىتلاردا ناھايىتى خور-
سىنىپ كېتىمەن، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولىدۇ. مەن دې-
گەننى چۈشىنىدىغان ئوقۇغۇچى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ھې-
لىمۇ ھەر بىر سىنىپتا كاللىسى ئويغاق ئۈچ - تۆت نەپەر
ئوقۇغۇچىنىڭ بولۇشى مېنى ئاشۇ مۇنبەردە تۇتۇپ تۇرۇ-
ۋاتقان بىردىنبىر كۈچتۇر ۋە سەۋەبتۇر دەپ قارايمەن.
ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن.
بۇلاردا ئوقۇتقۇچىسى دەۋاتقان نەرسىلەرنى كىتاب بىلەن
بىرلەشتۈرىدىغان ئادەت يوق. شۇنداق بولغاچقا بىزدە
نېمە نەرسە كەم، نېمە نەرسە ئارتۇق، نېمىنىڭ ھاجىتى
يوق، نېمە بەك زۆرۈر مۇشۇلارنى مەن دەرسخانىدا باي-
قىدىم ۋە مۇشۇلارغا ئاساسەن سېتىۋالىدىغان كىتاب، كۆ-
رىدىغان كىتاب، يازىدىغان كىتاب، يازىدىغان ماقالە قا-
تارلىقلار ھەققىدە كۆڭلۈمدە مەلۇم بىر سان ۋە تەخمىن-
لەر شەكىللەندى. شۇڭا مەن تەبىئىي ھالدا تەتقىقاتىم
بىلەن، يېزىقچىلىقىم بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىم بىر خىل
ئۆزئارا ماسلىشىش ھالىتىدە بولدى دەپ قارايمەن.
ئەمدى دەۋرداش قەلەمكەشلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
مەن ئىزدەنگەن نەرسىلەر سەل جىق بولدى. ئەمما جەم-
ئىيەتنىڭ ماڭا ئىلھام بېرىشى ئاز بولۇپ قالدىمىكىن دەپ
ئويلايمەن. ئەمەلىيەتتە مەن خېلى جىق ئىشلارنى قىلىپ
بېرەلىشىم مۇمكىن ئىدى. جەمئىيەت، نەشرىيات ئورۇنلى-
رى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، مەكتەپلەر مېنى قانداق
ئىشلارغا سېلىشنى تازا بىلمىدىمىكىن دەپ ئويلايمەن.
ئەگەر ئۇلار مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ، مۇۋاپىق ئىشلارغا
سالغان بولسا ئۇلارغا تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ
بېرەلىشىم مۇمكىن ئىدى، ئەپسۇس كۆپ ۋاقىت تېز ۋە
بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: ئۇستاز، بىز شۇ تاپ
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيەلەرنىڭ بىر قەدەر
كەمتۈك، ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپتۇق.
مېنىڭ قارىشىمچە سىز ئىجادىيەت بىلەن بىللە مۇشۇ

ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرىنى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللاردىن كۆرۈپ ماڭىسىز. مانا بۇ نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار بىلەلمەيۋاتقان ئۇقماسلىق سەۋەبىدىن ئاجىز تۇرۇۋاتقان بىر نۇقتا. مېنىڭ سىزدىن بىلمەكچى بولغان نەرسەم باشقا تىللاردىن نەزەرىيە ئۆگىنىشىڭىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگە پايدىسى بولۇۋاتامدۇ؟ ياكى ئىجادكارنىڭ ئۆزىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يېڭىلاپ تۇرۇشىنىڭ پايدىسى ئانچە چوڭ ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ئابدۇقادىر جالالىددىن: نەزەرىيەلەر بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىشىمنىڭ ياخشى تەرىپى ماقالىلەردە بەزىبىر نەزەرىيەۋى ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئىلمىي، ئىجابىي تەسىرى بولغان بولسا، شېئىرلىرىمنىڭ قۇرغاقلىشىپ قېلىشىغا نىسبەتەن پاسسىپ تەسىرىمۇ بولدى. شۇڭا ئۇمۇ مۇۋاپىق بولمىسا بولمايدۇ. ئەمما مېنىڭ خىزمىتىم مەندىن نەزەرىيە جەھەتتە كۆپرەك ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەتبۇئاتلىمىز مېنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن كۆپرەك ئىزدىنىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مېنىڭ شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بەدىئىي يېزىقچىلىقىم ئەسلىي بىر خىل ساپ تۇيغۇلاردا بولۇشۇمنى، ھەمىشە بالىلىق تۇيغۇدا بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىم مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە نىسبەتەن ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي تەسىر ئېلىپ كەلدى دېسەم بولىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتنىڭ ئېتىبارى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىم ئېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپتە ئىشلەۋاتىمەن، ماگىستىر يېتەكلەۋاتىمەن، ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ بىزدىن كۆپرەك تەلەپ قىلىۋاتقىنى تەتقىقات. ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئون پارچە شېئىر توپلىمى چىقىرىۋەتسىڭىز ئۇنى بىر پارچە ماقالىچىلىك نەزەرگە ئالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇ يەر - بۇ يەردىن قۇراشتۇرۇپ بىر پارچە ماقالە يازسىڭىز ھەمدە پۇل تۆلەپ يۈرۈپ ئۇنى مەلۇم بىر ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلسىڭىز بۇنى نەتىجە دەپ ئەرزىتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمدا ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ ئادەملەرنى ئەسلىي ئىجادىيەتكە رىغبەتلەندۈرۈشى يوقاپ كەتتى. بۇنى ئانچە ساغلام بولمىغان بىر تەرەپ دەپ قارايمەن. مۇشۇ نەرسىلەرمۇ ماڭا نىسبەتەن نۇرغۇن بېسىملارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئالىي مەكتەپ دېگەن، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىدىكى ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىي ئىجادىيەتتىن ئايرىلغان ئوقۇتۇش ھەرگىز مۇۋاپىق بولمايدۇ. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر بولغان، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى بولۇش بىلەن بىللە يەنە تەتقىقات ئەسەرلىرى بولغان. مەسىلەن: تاگورنىڭ بەزى نەزەرىيەۋى خاراكتېرلىك ماقالىلىرى بار، بۇلار ھەممىدىن كۆپرەك نەقىل ئېلىنىدۇ. تۇماس ئېلىيۇتنىڭ ئەدەبىيات، دىن ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت ماقالىلىرى ھەممىدىن بەكرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. گارسىيا ماركوسنىڭكى پىروزا ھەققىدىكى گەپلىرى ھەممىدىن بەكرەك نەقىل ئېلىنىدۇ. ۋارگاس لوسسانىڭكى پىروزا، ھېكايە ھەققىدىكى گەپلىرى پىروفېسسورنىڭ سۆزلىرىدىن بەكرەك نەقىل ئېلىنىدۇ. ئەسلىدە قەيەردە ئىجادىيەت بولىدىكەن، شۇ يەردە نەزەرىيەنىڭ ھاياتىي كۈچى بولىدۇ. ھازىر بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز بۇ ئىككىسىنى ئايرىۋەتتى. مانا بۇ بۈگۈنكى قاتماللاشقان مائارىپىنىڭ يەنە بىر يۈزى.

ئابدۇمجىت مۇھەممەد: سىزنى بۇ قېتىمقى «مول ھوسۇل» ئارقىلىق ھازىرغىچە بولغان ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدىن بىر يەكۈنگە ئېرىشتىڭىز دەپ قارايمەن. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ يېڭى شەكىلدە، يېڭىچە مەزمۇندا روياپقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمدى ئۆز تاكاموللۇق سەپىرىڭىزدىكى يېڭى پىلانلىرىڭىزدىن، ئىجادىيەت ئۇرۇنۇشلىرىڭىزدىن خەۋەردار بولساق بولامدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: مېنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرىمنى تېخى «مول ھوسۇل» دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمدى سەل بىر تارازىغا ئولتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلسام دەپ ئويلايمەن. كونكرېت قانداق ئىشلارنى قىلىشىم توغرىسىدا بەزى ئويلىرىم بار، لېكىن ئۇلارنى ھازىرچە ئوقۇرمەنلەرگە دېمەي تۇراي. چۈنكى بەزى نەرسىلەر تەپەككۇرنىڭ پىشىش جەريانىدا ئۆزگىرىپمۇ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن جەمئىيەتتىكى ئىمكانلارنىڭ مەھسۇلىمەن، مەندە كاجلىققا تولۇق تاقابىل تۇرغۇدەك يەككە قابىلىيەت يوق.

ئابدۇمجىت مۇھەممەد: سىز بىر يېتىشۋاتقان

پەيلاسوپ، بىر پېداگوك، شۇنداقلا بىر شائىر بولۇش
سالاھىيىتىڭىزدە دەۋرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نېمىلەر
بار، نېمىلەر يوق، ئەسلى نېمىلەرگە موھتاج دەپ قارايسىز؟ ئەتراپىڭىزدىكى ئەسەرلىرىڭىزنى ئېھتىيات
بىلەن تەھسىل قىلىۋاتقان، ئىزىڭىزنى بېسىپ ئىزدە-
نىپ، تىرىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئاشنالىرىغا
دەيدىغان قانداق نەسىھەت، تەكلىپ ۋە ياكى باشقا
يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتى-
سىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل ئەقلىي
مېخانىزم كەم. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى يەنىلا بىر خىل
ئىستىخىيەلىك يېتەكلىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات دېسەك بو-
لىدۇ. بۇ ئەدەبىياتنى نېمىلەر ئارقىلىق يېتەكلەش كېرەك؟
ئەدەبىياتنىڭ يۆنىلىشى نېمە؟ بۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن
چۈشىنىپ يېتەكلەۋاتقان ئادەم تېخى يوق. ئەدەبىي تەنقىد
قوشۇنىمىز ئىنتايىن ئاجىز. ئەدەبىي تەنقىد قوشۇنىمىزغا
يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان نەزەرىيە قوشۇنىمىز تېخىمۇ ئاجىز،
ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىنى توغرا كۆزىتىدى-
غان ئادەملەر يوق دېيەرلىك. مېنىڭ قارىشىمدا بىزدە ئە-
دەبىياتنى ئاڭلىق، ئىلمىي يېتەكلەيدىغان بىر خىل سەرخىل-
لار قوشۇنى يوق. بار بولغان ئازغىنە قوشۇنمۇ ناھايىتى
چېچىلاڭغۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بىرىنچىدىن، بىزگە
ھازىر ئەدەبىي ژۇرناللار ياكى ئەدەبىياتقا دائىر بىر قىسىم
جەمئىيەتلەر ۋە ئورگانلار يەنىلا «جان باقىدىغان
ئورۇن» خاراكتېرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمەن كىتاب-
خانلار بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئەگىشىدىغان بىر
خىل ئاقىللار، مەيلى ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدە، ئىجادى-
يەت ساھەسىدە بۇلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلاشقان، بىر - بىرى-
نىڭ كەم - كۈتىسىنى تولۇقلاۋاتقان بىر خىل مېخانىزم
يوق. بۇ نەرسە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
بىزنىڭ بۇ ئەدەبىياتىمىز مېڭىسى يوق، پەقەت قەلبىلا بار
بىر خىل ئەدەبىياتمىكىن دەپ قارايمەن.

ئىككىنچىدىن بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى تەر-
بىيەلەش ئېڭىمۇ كەمچىل. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىسى-
نى ئەسەرنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇمۇ ئاساسەن ئو-
قۇرمەنلەر قاتلىمىمىزنىڭ، مائارىپنىڭ سەۋەبى. يەنى
ئالىي مائارىپ ئومۇملىشىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن.

چۈنكى ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارىسىدا ئالىي مائارىپقا كىرىپ
ئوقۇغانلار ئىنتايىن ئاز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئە-
سەرگە قويىغان تەلەپلىرىمۇ ئانچە ئۈستۈن ئەمەس.
ئاندىن كېيىن بىلىش دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن. ئەينى
ۋاقىتتا ئەدىب ئۆلىمالىرىمىز ئەرەبچە ئەسەرلەرنى بىۋاس-
تە ئەرەب تىلى بىلەن، پارسچە ئەسەرلەرنى بىۋاستە
پارسچە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان ھەم شۇ سەۋىيەگە ئىگە
بولغان. گەرچە ھازىر ئاپتورلار قوشۇنىمىز ئىچىدە
خەنزۇ تىلىدىن پايدىلىنالايدىغان ئاپتورلار قوشۇنى بار-
لىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھال ئومۇمىي دەۋرنىڭ
تەقەززاسىغا نىسبەتەن تېخى ئازلىق قىلىپ قالىدۇ.
چۈنكى بىزدىن تۈركچە ئۆگىنىدىغان، ئەرەبچە ئۆگىنىدى-
غان، ئىنگلىزچە، ياپونچە ئۆگىنىدىغانلار ئاز دېيەرلىك.
يەنى قەيەرنىڭ ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان بولسا شۇ ئە-
دەبىياتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا، ئاپتورنىڭ جەمئىيەت
بىلىملىرىگە ئائىت بىلىملەرنى بىۋاستە شۇ تىلدا كۆرەلەي-
دىغان بولساق بۇ تەبىئىي ھالدا بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئىپا-
دىلەش ۋاسىتىلىرىنى كۆپەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان
بولاتتى. بۇ نەرسىلەر ھازىر بىزدە كەمچىل بولۇۋاتىدۇ
دەپ قارايمەن. ھازىرقى مائارىپىمىزنىڭ قوش تىللىشىش
ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قوش تىللىشىش ئۆزىنىڭ
قېلىپىغا چۈشمىگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، مائارىپىمىزدا بىر
قاتار ئوڭۇشسىزلىقلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: بالى-
لارنىڭ ساۋاتى چىقماسلىق، تىل سەزگۈسىنىڭ ياخشى
بولماسلىقى... بۇ ئەھۋاللارنىمۇ ئويلايمەن. ئاندىن
كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن تەركىبلەر نا-
ھايىتى تېز يوق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بالىلار دېگەن
ئەسلى ئۆزلىرىنىڭ خەلق قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسى-
لىرىنى، كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئالغان
بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ بالى-
لىق دەۋرىدىلا ئۇلارغا ياخشى ئاساس سېلىنغان بولاتتى.
ھازىر مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشى ئومۇمەن بالىلارنىڭ
ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا ئالغان نەتىجىسى
بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولغاچقا، مائارىپ ئاساسەن بالىلار-
نىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى تەر-
بىيەلەشكە تازا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئاندىن بىر قىسىم مەك-
تەپلەردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار

نىڭ ئورنىمۇ يۇقىرى ئەمەس. ھازىر مانا مۇشۇنداق بىر ئەھۋال بولۇپ قېلىۋاتىدۇ! شۇڭا مېنىڭ ھازىرچە تەكىتلەيدىغىنىم مەيلى ئاتا - ئانىلار، مەيلى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن، ئەدەبىياتىمىزدىكى، يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى، يېزىق ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بالىلارغا يادلىتىشى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىدىكى بەزىبىر ۋەكىللىك ئەسەرلەر ۋە بىلىملەرگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. مۇشۇ ئاساس تىكلەنگەندىلا ئاندىن كېيىن ئۇ بالىلاردا ھەۋەسكارلىق ئېلېمېنتى شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان ئېلېمېنت ئىزدىنىش، باشقا زۆرۈر پەنلەر، تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە كۆچسە ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: «قوش تىللىق» ئىجادىيەتكە يۈزلىنىۋاتقان ۋە بۇ يولدا تېنەپ - تەمتىرەپ سەپەرۋەر قىلىنىۋاتقان مۇشۇ كۆنلەردە سىزنىڭ باشقا تىللاردا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ياكى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى ھەققىدە قانداق ئويلىرىڭىز بار؟ چەت ئەل تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا يەنە قانداق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش زۆرۈر دەپ قارايسىز؟ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قانداق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشنى پىلانلاۋاتىسىز؟**

**ئابدۇقادىر جالالىددىن:** مېنىڭ تەربىيە ساپايىمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ئەھۋالدا ئانا تىلىمدىن باشقا بىر تىلدا بىۋاسىتە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى قەتئىي يوق. ئەمدى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشىغىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. جۈملىدىن «بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى باشقا بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى دۇنياۋىلىققا يۈزلىنىدۇ» دېگەن گەپكە ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلار سۈلھى - سالا ئارقىلىق ئۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ئەدەبىياتنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن بۇ ئەدەبىياتقا دۇنيا خەلقلىرىمۇ قىزىققان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئۇلارغا ئەدەبىياتىمىزنى تەشۋىق قىلىش روھىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ئىستىكى ئۆزئارا ماسلاشقان ۋاقىتتا ئاندىن كېيىن دۇنياغا يۈزلەنگەن بولىدۇ دەپ قارايمەن. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز دۇنيادا تېگىشلىك ئورنى بار ئەدەبىيات، مەيلى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن چوقۇم مەلۇم دۇنياۋى تەركىب ھازىرلانغان، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى ئاللىبۇرۇن دۇنياغا يۈزلەنگەن ئەدەبىيات، دەپ قارايمەن. ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئاللىقاچان دۇنياۋىلىققا ياتىدىغان نەتىجە ۋە تەركىبلەر بارلىققا كەلدى دەپ قارايمەن. گەپ بۇلارنى نەزەرىيە جەھەتتە قانداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ئورنى دۇنياۋى بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىچە دۇنياۋى بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن بىر مىللەت ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى ئۆزى چۈشەنگەن بولۇشى ۋە ئۇنى ئۆزى بېكىتەلىگەن بولۇشى كېرەك. دۇنيادىكى ئادەملەر ئەسلىسە يادىغا كېلىدىغان مىللەت بولۇشى كېرەك. مۇشۇ مەسىلىلەر ھەل بولسا ئاندىن بۇ مىللەتنىڭ ھەممە نەرسىسى دۇنياۋى بولىدۇ، ھەتتا مۇشۇ مىللەتنىڭ لەڭمىنىدىن تارتىپ ئۈمىچىغا قەدەر دۇنياۋى بولىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمدا چەت ئەلدىن ياكى باشقا تىللاردىن پەلسەپە، ئەدەبىيات، مەدەنىيەتكە دائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى يېقىنقى جەھەتلەردىن خېلى چىڭ تۇتۇلۇپ كەلدى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە خېلى يامان ئەمەس نەتىجىلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە نەشرىياتلارمۇ ھەرىكەتچان بولۇپ قالدى. چەت ئەلنىڭ داڭلىق رومانلىرى، شېئىر ۋە ماقالە توپلاملىرى نەشردىن چىقىۋاتىدۇ، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرمۇ نەشردىن چىقىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنى ئومۇمىي ساھەلەر بويىچە سوندۇرغاندا بۇ ساھەلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا مەسىلە بار. مەسىلەن: ھازىر بىز پسىخولوگىيەگە ئائىت كىتابلارنى تاپالمايمىز. ئىقتىسادشۇناسلىققا ئائىت كىتابلارنى تاپالمايمىز، مائارىپ ۋە پېداگوگىكىغا ئائىت كىتابلارنى ھەم تاپالمايمىز. مەدەنىيەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىققا ئائىت كىتابلارنى تاپالمايمىز. جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت كىتابلارنىمۇ ناھايىتى ئاز تاپىمىز. مانا بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ دېسە قىسمەن ساھەلەردە كىتابلار خېلى

جىق بولۇۋاتقان بىلەن ساھەلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئۆتكەن ۋاقىتتا خېلى كۆپ ساھەلەردە يەنە بىز ئىزدەۋاتقان نەرسىلەرنى تاپالمايۋاتىمىز. شۇڭا مېنىڭ قارىشىمدا ھەرقايسى ساھەلەر ئارا نىسبەت ئىنتايىن كەمچىل. بۇنى ئەمدى نۆۋەتتىكى قەدەملىرىمىزدە چوقۇم تەڭشىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە ھەرقانداق بىر زىيالىي چوقۇم ئۆزى ياخشى دەپ قارىغان بىر ئىككى پارچە كىتابنى تەرجىمە قىلىپ ئۆز خەلقىگە سۇنۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتنىڭ تىل فۇنكسىيەسىنى، تىلنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، تىلنىڭ ھاياتىنى زورايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينايدىغان ئىجابىي رولى ئىنتايىن چوڭ. بىر مىللەت تىلغا دۇنياۋى كاتتا ئەسەرلەر قانچىكى كۆپ تەرجىمە قىلىنسا، بۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ تىلنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئىممۇنىتېت كۈچىمۇ ھەم يۇقىرى بولىدۇ. بۇلار داۋاملىشىپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەبىئىي ھالدا بىر خىل پەلسەپىۋى تىل، بەدىئىي تىل، پىشقان بىر ئەدەبىي تىلغا ئايلىنىدۇ.

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تور بەتلىرى، بولۇپمۇ شەخسىي تور بېكەتلىرى ئاساسەن ئەدەبىياتقا پىدائىيلارچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى. سىزمۇ بىۋاسىتە تورغا چىقىپ ئەسەر يوللىمىسىڭىزمۇ، باشقىلار سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى مۇنبەرگە يوللاۋاتقان، يوللانغان ئەسىرىڭىز ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ئەھۋاللار بار. ئەسەرلىرىڭىزگە نىسبەتەن نۇرغۇنلىغان ئىجابىي پىكىرلەر، شۇنداقلا ئاز بىر قىسىم سەلبىي پىكىرلەرمۇ ھەم بار. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تور ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق قولايلىقلارنى، يەنە قانداق قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن؟ تور ئەدەبىياتىنىڭ سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق تەسىرى بولىدۇ؟ مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ باققان بولسىڭىز؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: گەرچە ئۆزۈم تورغا بىر نەرسە يازمىساممۇ مەن تورنى ئىزچىل كۆزىتىپ تۇرۇۋاتىمەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزدە تور ئەدەبىياتى دېگەن تۈر شەكىللىنىپ بولدى. ھازىر بۇنىڭ ناھايىتى كەڭ كۆلەملەشكەن ئەزالىرى بار. بۇ كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغان نەتىجە. مەن مۇشۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى، تېخىمۇ ئىجابىي قەدەملەرگە قاراپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە خالايمەن. مانا تور ئەدەبىياتى پەيدا بولۇۋىدى، ژۇرناللىرىمىزنىڭ قۇرۇلمىسىغىمۇ ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ھازىر توردىكى پىكىر لىنىيەسىگە قارىغاندا، بىزنىڭ ژۇرنال ۋە باشقا مەتبۇئاتلىرىمىز قالاق بىر قۇرۇلمىلىق باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە ئىگە ئورگانغا ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر مۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ ژۇرناللارمۇ ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئېنىق چاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى توردا ناھايىتى ئاكتىپ بىر خىل ئۆكتىچى كۈچلەر بار. ئۆكتىچى كۈچلەر جىقراق بولغان جەمئىيەتنىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ. ئۆكتىچى كۈچلەر يوق جەمئىيەتنىڭ ئىستىقبالى يوق بولىدۇ. زىيالىي دېگەن تەبىئىي ھالدا بىر ئۆكتىچىدىن ئىبارەت. شۇڭا تور ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىنى تەربىيەلەيدىغان، بولۇپمۇ ئاۋام زىيالىيلارنى تەربىيەلەيدىغان بىر مەكتەپكە ئايلىنىۋاتىدۇ دەپ قارايمەن. ئەمما بىزدىكى تور تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەزالارنىڭ تەربىيەلىنىش ساپاسى يۇقىرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن تورنىڭ سەھىپىسىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىمۇ خېلىلا ئېغىر. ھەتتا سۈيىقەستچى كىشىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار خالىغان تېمىلارغا يوشۇرۇن ھالدا شاخنا قويۇۋېتىدۇ. گەرچە توردا بەزى يارقىن ماقالىلەر، جامائەتنىڭ غۇلغۇلىسىنى قوزغايدىغان ئىنكاسلار چىقىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇچۇرچانلىقى تېخى دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس، بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى بىرسى شۇ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەملەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، تېخىمۇ قوللايدىغان، ئۆز ئەمگىكىدىن سۆيۈندۈرەلەيدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت يوق. مەسىلەن: بىر قىسىم ئادەملەر پىدائىي بولۇپ، نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى خەنزۇچىدىن، ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. بۇنداق ئادەملەر كۆپ ئەمەس. ئىش قىلغان ئاشۇ ئازغىنا ئادەملەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال

چوقۇم تۈزىتىلىش كېرەك. يەنە بىرسى توردا چوقۇم ھەر
ئادەم كۆندە بىر ئاچقاندا جاھاندا بولۇۋاتقان، ئەتراپتا
بولۇۋاتقان ئىشلار توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى
تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭغا
ئىنكاس يېزىۋاتقانلار مەسئۇلىيەت بىلەن ئىنكاس يېزىشى
كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، تور بېكەتلىرى ئۆزىنىڭ، ئىلىم
ساھەسىدىكى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى رىقابەتچىلىرىگە
ياكى ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە مافىيە تەشكىللەپ ھۇجۇم قى-
لىدىغان قارا نىيەتلىككە يول قويماسلىقى كېرەك. ئەمما
بىزنىڭ تورلىرىمىزدا بۇنداق ئەھۋاللار خېلى بار. سەل-
پەل رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىۋاتقان ئادەملەرگە نىسبەتەن
مافىيە، گۇرۇھ تەشكىللەپ ھەر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن
ئايپى ئادرېس بىلەن كىرىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ،
بۇنى ھەرقايسى تور بېكەتلىرىنى باشقۇرۇۋاتقانلار تور
ئېتىكىسى ۋە ئەخلاقىي نۇقتىسىدىن يول قويماسلىقى
كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئىلىم ۋە ئىلىم دېموكراتىيەسى
ساغلام سۈپەتتە ئالغا قاراپ ماڭالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئابدۇمجىت مۇھەممەد: ئەمدى مۇئەللىم،
سىزنىڭ مۇشۇ ئىجەدىيەتلىرىڭىز ۋە ئىلمىي ئەمگەكلى-
رىڭىز قاتارىدا يازغان كىتابلار، تەرجىمە قىلغان ئە-
سەرلەر، مۇنبەرلەردە ئۆتكەن دەرسلەردىن باشقا،
سىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ خىلمۇخىل لېكسىيەخانىلىرىدا، ھەتتا تور
بەتلىرىدە سۆزلىگەن لېكسىيەلىرىڭىزمۇ سىزنىڭ
ئىلمىي ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ، ئىلمىي كۆز قاراشلىرىڭىز-
نىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ لېك-
سىيەلىرىڭىز تېخى سىستېمىلىق رەتلەنمىگەن بولسىمۇ،
بۇنىڭ ئىچىدە قانداق پىكىرلەرنىڭ بايان قىلىنغانلى-
قى تېخى ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ئادەمنىڭ نەزەرىگە
چۈشمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ لېكسىيەلىرىڭىزدە ئىجادى-
يەتتە ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزەلمىگەن بىر قىسىم نۇقتى-
لارنى يەنە بىر تۈركۈم ئاڭلىغۇچىلارغا يەتكۈزدۈم
دەپ ئويلامسىز؟ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملەر-
دە مۇشۇ لېكسىيەلەرنى مەلۇم سىستېمىنى شەكىللەندۈ-
رىدىغان، ئۇلانما لېكسىيەلەر قىلىش ئويىڭىز بارمۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: ئۇ خىل ئوي ئەلۋەتتە
بار، لېكسىيە دېگەن بىر قەدەر ئەركىن بولىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئېنىق ئوبيېكتقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن:
مەكتەپتە ياكى يەكەندە سۆزلىگەن لېكسىيەنىڭ پۇرىقى
بىلەن ئۈرۈمچىدە سۆزلىگەن پۇرىقى ھەرگىزمۇ
ئوخشاش بولمايدۇ. بىر قېتىملىق لېكسىيەنىڭ قانداق بو-
لۇشىنى شۇ مەيداندىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى
بىلەن شۇ يۇرتتىكى مەدەنىيەتنىڭ ئاتموسفېراسى بەلگى-
لەيدۇ. شۇڭا مېنىڭ قارىشىمدا ئەدەبىياتچىلار، كۆزگە
كۆرۈنگەن زىيالىيلارنى جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق
تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك تۈردە
پايدىلىنىش ياخشى ئىش. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ
رولىنى تېخىمۇ كەڭ تۈردە جارى قىلدۇرغان بولىدۇ.
شۇڭا جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىلىم مۇنبەرلىرىنىڭ، ھەر
خىل ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ، ھەر خىل
ئالاقە شەكىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنتايىن ياخشى
ئىش. بۇنى بىز ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەيدانى دەيمىز.
بۇنداق ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنىڭ كۆپىيى-
شى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، شۇنداقلا بىرەرسى بىزدىن
«زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى-
نى ئۆلچەشتە نېمىنى ئۆلچەم قىلىمىز؟» دەپ سورىسا،
بىز ھەرقاچان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمىغان پى-
كىرلەرنى ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى قانچىلىك بولغانلىقى
بىلەن ئۆلچەيمىز دەپ جاۋاب بېرىمىز. شۇڭا جەمئىيەت-
مىزدىكى كارخانىلار، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، مەكتەپلەر،
ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ زىيالىيلىرىدىن ياخشى پايدىلى-
نىشنى بىلىشى كېرەك. ئۇلارنى كەڭ قېزىش كېرەك،
ياخشى ئېچىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىمۇ
قۇرۇق باراڭنىڭ ئىچىدە چاپتۇرۇپ قويماي، ئۇلارنىڭ
ئەمگىكىنىمۇ ئىقتىسادىي نۇقتىدىن مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈ-
رۈشنى بىلىش كېرەك. ئۇلارنى يالاڭتۆش قىلىپ قويۇپ،
ئالىيجانابلىق بىلەن يىقتىپ يۈرمەي ئۇلارنىڭ ئەمگى-
گە يارىشا كىچىككىنە كاپالەتنىمۇ بېرىش كېرەك دەپ قا-
رايمەن. چۈنكى ئۇلارغىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ، كىتاب سېتى-
ۋالمىسا بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭ لېكسىيەلىرىمىمۇ ئەمەلىيەت-
تە ئادەتتە ماقالىلىرىمدە ياكى شېئىرلىرىمدا ئىپادىلەپ
بولالمىغان بىر تۈرلۈك پىكىرلەرنىڭ يەنە بىر لايىھەسى
ۋە تولۇقلىمىسىدۇر. مەن ئۇلارنى تورلاردا كەڭ كۆلەم-
دە ئېلان قىلىشقا قارشى ئەمەس. ئەمما مەن ئىنچىل

تورنىڭ تەھرىرلىك كۈچىدىن گۇمانلىنىمەن. ھەرقايسى تور بېكەتلىرىنىڭ تەھرىرلىك كۈچى ياخشى ئەمەس. مېنىڭچە بولغاندا ئۇلار چوقۇم تورغا ئېلىنىدىغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلىك ئۆتكىلىدىن ياخشى ئۆتكۈزۈشى كېرەك. يەنى ئەسەرنىڭ سىياسىيلىكىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇشتىن باشقا، شۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكى، ئىجتىمائىيلىقى، جۈملىدىن خەلقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. مەلۇم ئاپتورنى ياكى ئىلىم ئىگىسىنى زىيارەت قىلىۋېلىپلا ئۆزى بىلگەنچە كېسىپ، ئۇلاپ، ئۆز ئىدىيەسى بويىچە قۇراشتۇرۇپ باشقىلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ جان باقماستىن، بەلكى ئىلمىي، ئەقىل بىلەن تەھرىرلىگەن ئاشۇ نۇتۇقلارنى شۇ نۇتۇق ئاپتورىنىڭ رۇخسىتىدىن ئۆتكۈزۈشى، ئاپتورنىڭ نازارىتىدىنمۇ ئۆتكۈزۈشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇ ئاپتورنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىناۋىتى ۋە ئابرۇيى مۇۋاپىق دەرىجىدە قوغدالغان، ھۆرمەت قىلىنغان بولىدۇ.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: ئىجادكار بىلەن ئىجادىيەت، ئىجادكار بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا قانداق دىيالېكتىك باغلىنىشلار بار؟ بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىگە جەمئىيەت قانداق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك؟**

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** تارىختىن بېرى ھەرقانداق ئىجادىيەت خاراكتېرىدىكى ئەمگەك، مەيلى ئۇ ئەدەبىي بولامدۇ ياكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بولامدۇ جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىپ كەلدى. جەمئىيەت بىلەن يازغۇچىنىڭ، تەتقىقاتچىنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق. ئەزەلدىن جەمئىيەتتىن مۇستەسنا ھېچقانداق بىر ئىلىم ئەھلى بولغان ئەمەس. بىر ئىجادىيەتچىنىڭ سۈپىتىنى، ساپاسىنى بەلگىلەيدىغان نەرسىمۇ دەل شۇ جەمئىيەت، جەمئىيەتتىكى ئىلىم ھاۋاسى، دېموكراتىك ھاۋا، مەدەنىيەت ھاۋاسى قاتارلىق نەرسىلەردۇر. شۇڭا بەزى يازغۇچىلارنىڭ ساپاسىنىڭ مۇنداقراق بولۇپ قېلىشىنى خالىشى، ياكى تەبىئىي ھالدا شۇنداق بولغان ئەمەس، بەلكى شۇ جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئاتموسفېرا بەلگىلىگەن، دەپ قارايمىز. ئەمدى بىر جەمئىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنىشى ئۈچۈن شۇ يازغۇچىغا كېرەكلىك بولغان يېتەرلىك بىر ئەركىن مۇھىت بولۇشى كېرەك، پىكرىنى ئىپادىلەش، ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى ئىلىم دېموكراتىيەسى بولۇشى كېرەك. ئىلىم دېموكراتىيەسى خاراكتېرلىك جەھەتتىكى دېموكراتىيە بولمىغان شارائىت ئاستىدا بۇ يازغۇچى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا تار كوچىغا كىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ئەركىن تاللاش ئەمەس، بەلكى بىر ئامالسىز تاللاش ئىچىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئامالسىز تاللاشنىڭ ئىچىدە ئۇ پەقەت مۇمكىن بولغانلىكى ئىشلارنى قىلالايدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا جەمئىيىتىمىزگە نەزەر سالساق ھازىر دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر يازغۇچى ۋە بىر ئىجادىيەتچىگە كېرەكلىك بولغان ئىلمىي ئاتموسفېرا بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىزمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىساد يۈكسەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئىلمىي دېموكراتىيەگە بولغان تەلىپىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ. ئېھتىمال جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات قەدەملىرىدە يازغۇچى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئارمانى، ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدا، جەمئىيەتنىڭ مېخانىزمى تامامەن جىپسىلىشىپ زور دەرىجىدە يېقىنلىشىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: ئۇنداقتا يازغۇچىلار خەلققە نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن؟ مۇشۇنداق بىر شارائىتتا خەلق ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىرىغا قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن؟**

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** ئاۋۋال ئەدەبىياتقا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان تەلەپلەرنى قويماسلىق كېرەك. ئەدەبىيات خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويالمايدۇ، ئەدەبىيات خەلقنى بېيىتالمايدۇ. بىر خەلقنى كەسكىن بىر ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا ئىگە قىلالمايدۇ، لېكىن ئەدەبىياتسىز بولغان بىر جەمئىيەتمۇ ساغلام بىر جەمئىيەت بولالمايدۇ. يازغۇچىنىڭ قىلىپ بېرەلەيدىغىنى پەقەت جەمئىيەتنىڭ يۈتۈپ كەتكەن خاتىرىسىنى خەلققە ئەسلىتىش، خەلقنى ھەمىشە ئۆزىنىڭ بىر ئىجتىمائىي خاتىرىسىگە سېلىشتۇرۇش، خەلقنى ھەم-

شە بىر خىل تەپەككۇر ھالىتىگە كەلتۈرۈشتۇر، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۈمىدنى كۈتۈش يازغۇچىنى ھەددىدىن زىيادە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئىقتىسادىي پەنلىرى ۋە گۇمانتار پەنلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يازغۇچىغا يۈكلەپ قويۇش — بۇ يازغۇچىنى چۈشەنمىگەنلىك. ئەگەر بۇنداق بولۇۋەرسە جەمئىيەتتە يازغۇچىدىن بىھۇدە ئاغرىنىش پەيدا بولىدۇ. يازغۇچىنىمۇ قىيناپ قويىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭمۇ چەكلىملىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان كەم-كوتىسىنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۇ يازغۇچى ئۆزىگە تېگىشلىك بىر يازغۇچىغا ئايلىنالايدۇ.

**ئابدۇمىجىت مۇھەممەد: بۈگۈنكى سۆھبەتلىرىمىزدىن يەنە قانداق كەم قالغان نۇقتىلار بار دەپ قارايسىز؟ سىزنىڭ باشقا تولۇقلايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ ئەگەر يوق بولسا، ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزگە ۋە سىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىڭىزگە ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن خىلمۇخىل تەنقىدلەرگە نىسبەتەن قانداق قارايسىز؟ ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

ئابدۇقادىر جالالىدىن: ھەقىقىي مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ھەر بىر پارچە ئەسىرىم كىشىلەرنىڭ تەنقىدىگە قىلىنغان بىر قېتىملىق ھاۋالە، دەپ قارايمەن. نېمىشقا شۇنداق دەپ قارايسىز؟ دېگەندە تەنقىدسىز قوبۇل قىلىنغان ھەرقانداق بىر قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ساپ قوبۇل قىلىش ئەمەس. ھەم تەنقىدنى ئۆلچەم قىلماي، تەنقىدسىز كىتاب ئوقۇيدىغان كىتابخانمۇ سەۋىيەلىك كىتابخان ئەمەس. ئەلۋەتتە ئۇنداقلارمۇ كىتاب ئوقۇشتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بىلىمنى ھاسىل قىلالمايدۇ، شۇڭا مەن ھەر بىر پارچە ئەسىرىمنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان ۋاقتىمدىن باشلاپ ئۇ ئەدەبىي تەنقىد ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ ياكى ئىجتىمائىي تەنقىد ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان نەرسىدۇر. شۇڭا نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر ئەسەر تەنقىد ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن بىر دەرۋازا، تەنقىد ئۈچۈن بېرىلگەن بىر پاس. ئەمما بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە تېخى مۇكەممەلرەك بىر تەنقىد ئەخلاقى ۋە تەنقىد ئەنئەنىسى شەكىللەنمىگەن بىر جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن تېخى ئەسەرلىرىم مەن كۆزلىگەن بىر تەنقىدكە ئېرىشكىنى يوق تېخى. مەن كۆزلىگەن تەنقىد قانداق تەنقىد دېسە، شەخسىيىتىمنى، غۇرۇرۇمنى سۇندۇرۇش ھېسابىدىكى بىر خىل ھەسەتخور، چۇپرەندە تەنقىد ئەمەس، بەلكى مېنىڭ كەم-كوتىلىرىمنى تولۇقلاپ بېرىدىغان، مېنىڭ ئىزدىنىدىغان نىشانلىرىمنى، مەنزىلىمنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، بىلىم قۇرۇلما جەھەتتە مېنى يۈكسەلدۈرىدىغان دوستانە، مەسئۇلىيەت روھىدىكى بىر ئادەمنىڭ ماڭا بېرىدىغان سەممىي تەكلىپ-پىكىرلىرى بولۇشى لازىم. لېكىن مەن بۇنىڭغا ئىنتايىن ئاز ئېرىشتىم ياكى ئېرىشمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. شۇڭا مەن يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى، مېنىڭ كەم-كوتىلىرىمنى تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى، مېنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ئوبرازىمنى تېخىمۇ بېيىتىش، يارقىنلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى قېرىنداشلارچە ھەرقانداق تەنقىدنى ئىنتايىن خالايمەن ۋە بۇنىڭغا تەشنامەن. بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېلىقى پىتنە خاراكتېرلىك تەنقىدلەرنى بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئىنتايىن بەك خالايدۇ. جەمئىيىتىمىزدە يەنىلا ئاجىز ئادەملەر تېپىدىكى ئادەملەر جىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھوقۇق تازا ئەمەلىيلەشمىگەن، ئۇششاق چاكىنا تۇرمۇش ھەۋەسلىرى ئىچىدە يۈرۈۋاتقان ئادەملەر ئىنتايىن جىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلار ئىغۋا ۋە پىتنە خاراكتېرىدىكى گەپلەرنى تاپسا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كېتىدۇ. ئاشۇ خىل تەنقىدنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا ئەدەبىياتنىڭ سەھنىسى كىچىككىنە زىلزىلىگە كەلگەندەك بولىدۇ. بۇلارنى ئويلىسام ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىپ كېتىمەن. ئەسلىدە يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى، مۇتەپەككۇرانە تەنقىد بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، مەن ئىزچىل مۇشۇنداق بىر تەنقىدنى كۈتۈۋاتىمەن.

2012-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى زىيارەت قىلىندى.

2013-يىلى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىلدى.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى لىيۇشەن يولى 3-نومۇر شىنجاڭ تەۋپىق مائارىپ تەربىيەلەش مەركىزىدىن




## مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ھەل قىلىدىغان جاي قەيەردە

«زىددىيەتنى كەنتتىن چىقارماسلىق، مەسىلىنى يۇقىرىغا ئىتتىرمەسلىك، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىش» دېگەن سۆز بەلكىم نۆۋەتتىكى مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ باش تەپەككۇرى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ بىردەك تەلىپى بولۇشى مۇمكىن.

ھۇلى ياخشى بولمىسا، يەر ـ جاھان تەۋرەپ كېتىدۇ. رېئاللىقنى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاساسىي قاتلام ھەقىقەتەن زىددىيەتلەر يۈز بېرىدىغان جاي، بۇنداق ئەھۋالدا بىخ ھالىتىدە تۈزەشنى تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مەملىكەتلىك ئەرزىيەت ئىدارىسى مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدى: 80% ئەرزنى ئاساسىي قاتلامنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى 80% ئەرزنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا، مۇقىمسىزلىق ئامىلىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتقىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جايلار ناھايىتى كۆپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى «بىرىنچى قول»لار ئەرزلەرنى ئەشكىنى كەڭ ئېچىپ قوبۇل قىلىش دېگەنلەر دەل مۇشۇ مەسىلىنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىش دېگەنلىك.

**تەرجىمە كۆزنىكى**

مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ئاساسىي قاتلامدىلا ھەل قىلىشنى تەكىتلەشنىڭ تەكتى چوڭ جەھەتتىن بولىدۇ. ئەمما تەپەككۇرنى شۇ جايدىلا توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كۆپ ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرى قاتلام، ئالىي (ئەڭ يۇقىرى) قاتلامدا مەسىلە ھەل قىلىش، زىددىيەتنى پەسەيتىشتىكى ئاساسلىق يول. ۋەھالەنكى يەنە 20% ئەرزنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەمەسمۇ.

گەرچە ئاساسىي قاتلامنىڭ تىرىشىش ئارقىلىق 80% مەسىلىنى ھەل قىلغاندىمۇ، ئۇلار ئايرىم دېلولاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇ ئايرىم دېلولاردا ئىنكاس قىلىنغان ئۇستقۇرۇلما جەھەتتىكى مەسىلىلەرلا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىدۇر.

بۇ جەھەتتە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى، يەر ئېلىش، چېقىپ كۆچۈرۈش، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كېچىكتۈرۈش، مۇھىت بۇلغاش، ئىشلەمچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قاتارلىقلار ئاساسىي سەۋەبتۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ كەينىدە مەنپەئەتنىڭ ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەپ قويۇشتەك كەمتۈكلۈك مەۋجۇت. ئەگەر مەنپەئەتتە تەڭپۇڭسىزلىقنى يوقىتىش بىلەن ئىجتىمائىي ئادىللىق مېخانىزمى مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل

قىلماي، مۇقىملىقنى دەستەك قىلىپ قانۇنلۇق مەنپەئەتنى بېسىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، زىددىيەتلەرنى يىغىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ جەمئىيەت مۇقىم بولمايدۇ. ئويلاپ باقايلى، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى نېسى قالغاندىن كېيىن مەبلەغ سالغۇچى تەرەپنىڭ نورمالنى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىشىشتەك ئەھۋال يۈز بېرىپ، «ئىش ھەققى ئۈچۈن بىنادىن سەكرەش»، «پىچاق كۆتۈرۈپ ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش» تەك جىددىي ۋەقەلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زۇڭلى ئوتتۇرىغا چىقىپ دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

مۇنداق بىر غەلىتە ھادىسە بار: ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تەكتىلىگەنسېرى، قىسمەن ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرى ئاممىنىڭ مەنپەئەتنى ئىپادىلىيەلمەي، مەنپەئەت ئەندىزىسى بىر تەرەپكە تېخىمۇ قىيسىيىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە نورمالنى (قانۇنلۇق) مەنپەئەتى، تەلىپى قوبۇل قىلىنمىسا، قىسمەن ئامما ياكى شەخسلەر ئۇستقۇرۇلما سىرتىدىكى شەكىل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ- دە، مۇقىملىقنى ساقلاشنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

قانۇنلۇق مەنپەئەتنى ئوڭۇشلۇق ئىپادىلىيەلمىسە، ئىجتىمائىي ئاساس تەرتىپى بۇزۇلىدۇ؛ چىرىكلىك باش كۆتۈرىدۇ؛ يوشۇرۇن قائىدە- تۈزۈملەر جەمئىيەتنى قاپلايدۇ؟ جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيەت يىمىرىلىدۇ؛ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش بىلەن ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچى يوقىلىدۇ؛ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئامما يىراقلىشىپ، ئۇلار ئارىسىدا باراۋەر ئۇنۇملۇك پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش تۇيغۇسى كەمچىل بولىدۇ، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇزاق مەزگىللىك بالايىئاپەتتۇر.

مۇقىمسىزلىق ئامىلىنى يۇقىرىسىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاساسلىقى ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن پۇقرالارغا بەرگەن ھوقۇقنى قوغداپ، ھوقۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلغاندىلا مەنپەئەت تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، مەنپەئەت تەڭپۇڭلۇقى بولغاندىلا ئاندىن جەمئىيەت مۇقىملىقى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىمى تۈرلۈك قائىدە- تۈزۈملەرنى، ھەر خىل تەرتىپلەرنى ياخشى تۈزۈش كېرەك، شۇنداقلا زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىش ۋە كېسىمچىلىك رولىنى ياخشى ئېلىپ، قانۇن ئارقىلىق تۈزەشنى زىددىيەتلەرنى، توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان قورالىغا ئايلاندۇرۇش لازىم؛ مەنپەئەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش ئارقىلىق ئاچچىقنى چىقىرىۋالىدىغان قىلمىشلارنى تۈزۈملەشكەن توغرا يول بىلەن ھەل قىلىش؛ خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، توقۇنۇشلارنى پەسەيتىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم، نۆۋەتتە بۇ خىل تۈزۈلمە قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشتا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ بىردەكلىك ھاسىل قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

بۇنىڭدىكى قائىدە تولىمۇ ئاددىي، ئەگەر قائىدە ۋە تەرتىپ (قانۇن) بولغاندىلا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر خۇددى راۋان ئېرىقتا سۇ ئىختىيارىي ئاققانغا ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. گەرچە بەزى ھاللاردا شىددەتلىك دولقۇندەك دەھشەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە مايىل ئېكەنلىكىنى، قاياققا ئاقىدىغانلىقىنى بىلگەندىلا ئۆز ھالىتىگە قايتىدۇ ھەمدە ئۇنى ۋاقتىدا سېزىپ، توغرا يولغا باشلىيالىغاندىلا، ئۇ خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە تىزگىنلىگىلى، توغرا يولغا باشلىغىلى بولىدۇ. ئەپسۇس بىزدە ھازىر كەم بولۇۋاتقىنى مۇشۇنداق راۋان (توغرا) يول، ھازىر بىز سۇ كەلگەندە سۇنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقتا ئېكەنلىكىنى ياكى قاياققا بارىدىغانلىقىنى ئۇقماي، قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدا تەلەپ قويغىنىمىز بىلەن ھامان بىر جايدىن يار ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى «ئېرىق»نى راۋان چېپىش، يەنى قانۇن - تۈزۈم، تەرتىپلەرنى ياخشى ئورنىتىپ، تۈزۈملىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنى باشقۇرۇشنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى بولماستىن، بەلكى تۈزۈمىمىزنىڭ ئاشۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا تاقەت قىلىش- قىلالماسلىقىمىزغا باغلىق. ياخشى تۈزۈم ھەرگىزمۇ زىددىيەتنى باسمايدۇ، بەلكى زىددىيەتنى سىڭدۇرالايدۇ ھەمدە زىددىيەتنى تۈزۈملەشكەن شەكىل بويىچە ھەل قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىمى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى يۇقىرىدىن ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تۈپتىن ھەل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

جاۋشيەنمىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2012- يىلى 4- ماي سانى 1- بەتتىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى.

# جۇڭگودا ئەڭ كەم نەرسە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم

ئەگەر سىز جۇڭگودىكى ئەڭ كەم نەرسە نېمە؟ دەپ سوراپ قالسىڭىز مېنىڭچە ئەڭ كەم نەرسە «ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم» بولۇپ، بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق. بىر ئادەمدە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بولمىسا، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىدۇ، مىسال ئالايلى، چىرىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكنىمۇ سېتىشقا جۈرئەت قىلىدۇ؟ نەپسى توختىمىغان بىمارنىمۇ كولۇۋېتەلەيدۇ؛ ئەس - ھوشىنى بىلمىگۈدەك مەست بولغاندىمۇ ماشىنا ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىدۇ؛ ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇ ئۆينى چېقىۋېتەلەيدۇ، يەنە «جۇمھۇرىيەتنىڭ تۈۋرۈكى»دەك تاجىنمۇ كېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ. شۇڭا توقۇنۇشلار ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ، شۇڭا جامائەت پىكرى چۇقان كۆتۈرىدۇ. «جاھاننىڭ غەلىتىلىكىگە ھەيران قالماستىن» بەلكى «ھازىرقى زامان مۇشۇنداق بولۇپ كەتتىمۇ» دەپ ھەيران قېلىشىمىز كېرەك ... نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟

غەلىتە نەرسە غەلىتە ئەمەس، غەلىتە بولمىغان نەرسە غەلىتە، چۈنكى بۇسۇپ ئۆتكەننىڭ ھەممىسى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم، مەسىلەن: «ئىچ ئاغرىتىش»، «ئەيمىنىش»، «ئۇۋۇزۇڭگە ياقمىغاننى باشقىغا تاڭما (پىچاقنى ئۆز ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا)»، «ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر خۇن تۆلەيدۇ، قەرزى بارلار قەرز تۆلەيدۇ»... دېگەنلەر ئەقەللىي ساۋات بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتىلدى، قاتتىق بۇيرۇق بىلەن مەنئى قىلىنغان «زەھەرى بار سۈت پاراشوكى» تەبىئىيلا قايتىدىن بازارنى ئىگەللىدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەڭ تۆۋەن چەك ئەڭ مۇھىم. ئەگەر ئەڭ تۆۋەن چەك بولمىسا كارخانىلار ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق قىلىدۇ. ھە دەپلا ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. رەھبەرلەر قارا پۇشتەك چالىدۇ، ئەمەلدارلار ھارامنى دەپ قانۇننى بۇزىدۇ، ساقچىلار قىستاپ ئىقرار قىلدۇرىدۇ، سوت مەھكىمىسى ئادەمنىڭ جېنىنى قوشاقچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ، مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا ئەڭ تۆۋەن چەك ھاياتلىق مەنبەسى (جان تومۇرى)دۇر.

ئىنسانلاردا نېمە ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش چېكى بولۇشقا تېگىشلىك؟ ھاياتلىق ئۈچۈن، ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ماددىسى، ھەرقانداق ئادەم دۇنيادا ئۆزىنىلا ياشىمايدۇ، شۇڭا باشقىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى ئۈچۈنلا، ئۆزىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؛ باشقىلارنى ياخشى ياشىيالىسۇن دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىمۇ ياخشى ياشىيالايدۇ. بارلىق ئادەملەرنىڭ ياخشى ياشىشىنى ئۈمىد قىلغاندىلا، ھەتتا باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچەلىگەندە ئۇنى ئاندىن «كامالەتكە يەتتى» دەيمىز، ھېچبولمىغاندا باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلمىغاندىلا، ئىجتىمائىي مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلمىغاندىلا ئۇنى «ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم» دېگىلى بولىدۇ، بۇلار ئىچىدە قانۇن تۇرغۇزۇش يولى ئارقىلىق ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى «قانۇنلۇق ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم» بولىدۇ؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان، كۆپچىلىك بىردەك ئەمەل قىلغىنى «ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى» بولىدۇ؛ ھەر ساھە ھەرقايسى كەسىپلەر چوقۇم بويسۇنۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار، مەسىلەن: سودا ساھەسىدىكىلەر ساختا مال ساتماسلىق، بوغالتىرلار ساختا ھېسابات تۇتماسلىق، دوختۇرلار ساختا دورا يازماسلىق قاتارلىقلار «كەسپىي ساھە بويىچە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم» ۋە «كەسىپلەر بويىچە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم»دۇر. كامالەتكە يېتىش ھەممە ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك بولۇشى ناتايىن، ئەمما ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بولمىسا بولمايدۇ، چۈنكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم ئاساس، مۇھىمنىڭ مۇھىمى بولۇپ، ئاساس پۇختا بولمىسا يەر - جاھان تەۋرەپ كېتىدۇ؛ مۇداپىئە سېپى قولىدىن كەتسە ئومۇمىيۈزلۈك گۇمران بولىدۇ.

جۇڭگولۇقلاردا ئەزەلدىن ئەڭ تۆۋەن چەك بولغان. سودا قىلغاندا ئېنىق باھا قويۇپ ساددىلارنى ئالدىمايتتى؛ ئىلىم تەھسىل قىلغاندا، ئاساسسىز گەپ قىلمايتتى؛ ئەمەلدار بولغاندا خەلقنىڭ مال - دۇنياسىغا كۆز قىزارتمايتتى، بىگۇناھ ئاممىغا زىيان سالمايتتى؛ ئادەم بولۇشتا دوستىغا ساتقۇنلۇق قىلمايتتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەزەلدىن ئەڭ تۆۋەن چەككە ئېتىبار قىلىپ، ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەڭ تۆۋەن چەكتە چىڭ تۇرۇشتا چوقۇم يۇقىرى مۇقام تۇۋلىماسلىقىمىز لازىم، چۈنكى

ئاشۇنداق «ئەخلاقتا يۇقىرى ئۆلچەم» قويۇۋېلىش، مەسىلەن: «قىلچىمۇ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش» دېگەنلەر ھەممە ئادەم قىلالايدىغان ئىش ئەمەس، ھەتتا كۆپ سانلىقلار قىلالمايدۇ، ياخشى قىلالمىغان ئىشنى، چوقۇم قىلىسەن دېسەك ساختىلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەخلاقىي جەھەتتە ساختىلىققا يول قويساق، باشقا ساختا ئىشلارنى توسىغىلى بولمايدۇ، ساختا تاماكا، ساختا ھاراق، ساختا توختام، ساختا ئوقۇش تارىخى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارقا-ئارقىدىن يامرايدۇ، نۆۋەتتە جۇڭگودا ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمنىڭ كەمچىل بولۇشى مۇھىم سەۋەب ياكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەيمىز.

شۇڭا، مېنىڭ كەلگۈسى جۇڭگودىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم بىر جۈملە سۆز، يەنى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقامنى يۇقىرى توۋلىمايلى.

يى جۇڭتيەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011-يىلى 11-سان (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) دىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسى

# خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ قەيەردە؟

ھازىرقى مەكتەپلىرىمىز يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھە دېسىلا «خەلق رازى بولغان مائارىپ بەرپا قىلايلى» دەپ جار سالماقتا. ئوقۇتقۇچىلار چوڭ يىغىندىمۇ شۇنداق دەيدۇ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ يىغىندىمۇ شۇنداق دەيدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چوڭ يىغىندىمۇ شۇنداق دەيدۇ، خۇددى ھەقىقىي مائارىپنىڭ ئەنگۈشتەرىنى تېپىۋالغاندەكلا. ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز كىشىلەر، كۆپ يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان جۇڭگو مائارىپىدا ئۈمىد پەيدا بولدى، ھەقىقىي مەنىسى مائارىپقا قايتتى دەپ ئويلاپ قېلىشتى.

بىراق مېنىڭ بىلىشىمچە، بۈگۈنكى «خەلق رازى بولغان مائارىپ» دېگىنى، باشلانغۇچ مەكتەپ: سەن بالىلارنى نۇقتىلىق تولۇقسىز مەكتەپكە ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: سەن بالىلارنى نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: سەن بالىلارنى ياخشى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك دېگەندىنلا ئىبارەت. ئەلۋەتتە، ئاخىرقى مەقسىتى، بالىلارغا ياخشى خىزمەت تېپىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ پەقەتلا خەلققە نېمە كېرەك بولسا، بىزنىڭ مائارىپىمىز شۇنى بېرىدۇ. بىراق خەلق نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ خەلقنىڭ مائارىپقا بولغان چۈشەنچىسى توغرىمۇ يوق؟ بەلكىم ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، قايسى مەكتەپنىڭ قانداق مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى، نېمىنى پىكىر قىلىشىمۇ ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. سەۋەبى، مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا مۇستەقىللىقى يوق، ھەممىدە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا جۇڭگودا، ئالىي مەكتەپمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپمۇ، ھەممىسى ئوخشاش، ھېچقانداق خاس ئالاھىدىلىكى يوق، بار دېيىلسىمۇ «ھەممە ئادەمنى ئوخشاش قېلىپتا تەربىيەلەپ چىقىش»، بىر خىلدىكى ئادەم قىلىپ چىقىشتىنلا ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپنىڭمۇ خالايىققا جاكارلايدىغان شوئارىمۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەكلا ئاجايىپ داغدۇغىلىق: «بارلىقىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىقى ئۈچۈن» دېيىلگەن گەپنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مائارىپنىڭ خاراكتېرىگە تازا ماس كەلگەن: يەنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ئادەمگە ئايلاندۇرۇش. بىراق مەن، «بارلىق» دېگەن بۇ سۆز، ھەقىقىي مەنىدىكى بارلىق دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، پەقەت يۇقىرىلىتىپ ئوقۇتۇش دەپ قارايمەن. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېگەندە، بارلىقىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشى ئۈچۈن، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشى ئۈچۈن، ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىقى ئۈچۈن، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بەزى مەكتەپلەر ھەتتا مۇشۇنىمۇ قىلالمايۋاتىدۇ، مەسىلەن: بەزى جايلاردا، بەزى مەكتەپلەر ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دائىم بارلىق ئاماللارنى قىلىپ، ئۆرلەپ ئوقۇشتىن ئۈمىد يوق

ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن قايتۇرۇۋېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئىنتا-
يىن چىرايلىق ئات قويۇۋالغان، يەنى: ئوقۇغۇچىنىڭ مۇۋاپىق
چىقىش يولىنى تېپىشى ئۈچۈن، دەپ؛ ئەمەلىيەتتە بۇ ئوقۇغۇ-
چىلار مەكتەپنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىگە تەسىر كۆرسە-
تىپ، يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن ئوقۇتۇش كۆرسەتكۈچىگە
يېتەلمەسلىكىدىن بولغان. قارىغاندا ئېغىزدا «بارلىقىمىز ئوقۇ
غۇچىلار ئۈچۈن» دېگىنى، ئەمەلىيەتتە بارلىقىمىز يۇقىرى دە-
رىجىلىك ئورۇنلارغا ماسلىشىشىمىز ئۈچۈن دېگىنى. شۇڭا
مەن قايسى بىر مەكتەپنىڭ «خاس مائارىپ بەرپا قىلىمىز»،
«مائارىپتىكى داڭدار ماركىنى يارىتىمىز» دېگەندەك تەشۋى-
قات لوزۇنكىلىرىنى كۆرگىنىمدە، قايسى بىر مائارىپ تارمىقى-
نىڭ «بىر مەكتەپ، بىر سۈپەت» دېگەن شوئارىنى كۆرگىنىم-
دە، ھەممىسنى قالايمىقان جۆيلىگەنلىك دەپ قارايمەن.
مەكتەپ قۇرۇشنىڭ مەقسىتى پەقەت يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇ-
تۇش تۇرسا، خاسلىقتىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن! ئاتال-
مىش خاسلىق دېگەنلىك، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان
ئويۇندىنلا ئىبارەت خالاس. مەن ئويلايمەن، مائارىپ قاچان
جەمئىيەتكە خۇشامەت قىلمىسا، ھوقۇققا خۇشامەت قىلمىسا،
مائارىپ ئاندىن خاسلىققا ئىگە بولالايدۇ.

ھازىر كىشىلەر تەنقىد قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئالىي مەكتەپلە-
رى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ ئەمەس، بەلكى ياملىنىڭ دەرۋازى-
سى بىلەن پەرقى يوق، مەمۇرلىشىپ كېتىش ئەھۋالى ئىنتايىن
ئېغىر، ئىلىم-پەننىڭ تەسىر كۈچى ھوقۇقنىڭ تەسىر كۈچىدىن
ئاجىز دېيىشمەكتە. مېنىڭچە پەقەت ئالىي مائارىپلا ئەمەس،
بارلىق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، پەقەت شۇ ئالىي
مائارىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلالايدۇ، خالاس،
دەپ قارايمەن. نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قى-
لىۋاتقىنى، جەنۇب پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ،
مەكتەپ مۇدىرى جۇ چىڭشى جۇڭگو مائارىپىنىڭ توسۇقلىرىنى
بۇزۇپ تاشلاشقا تىرىشىپ، شىنجېندا «ھەممىنى بېسىپ چۈشە-
لەيدىغان»، ھەقىقىي خاسلىققا ئىگە بىر مەكتەپ قۇرۇپ چىقماق-
چى ئىدى، بىراق يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى
تۈرلۈك قىسماقلارنى قۇرۇپ، ئۇنى چۈشەپ قويدى، ئۇنى
«كىشەن» بىلەن ئۇسسۇل ئوينىتاماقچى بولدى. ئەڭ يامان
قىسماق بولسا، «قانۇن بويىچە مەكتەپ قۇرۇش» تۇر.
باشقىلار «قانۇن بويىچە مەكتەپ قۇرۇش»نى قانداق چۈشە-
نىدۇ، مەن بۇنى بىلمەيمەن، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ پەقەتلا
مەكتەپنىڭ بارلىق ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا، سى-
ياسىتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، چوقۇم دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىم-
تىھان تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. قانۇنغا
چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەك، بىراق بىر دۆلەتنىڭ مائارىپقا
قالدۇرغان بوشلۇقى بەك تار بولسا، ياخشى مائارىپ بەرپا
قىلغىلى بولامدۇ؟ ياخشى مائارىپ بەرپا قىلماي، خەلقنى رازى
قىلىمەن دېيىش، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىق.

ھازىر خەلق مائارىپتىن نارازى بولۇۋاتىدۇ، ھەتتا بەزى-
لەر ئۈمىدسىزلەندى. جۇ چىڭشى ئەپەندىمۇ رازى بولمىغان-
دى. ئەگەر جۇ ئەپەندى رازى بولغان بولسا، جەنۇب پەن-
تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇش ئۈچۈن جاپا چېكىپ يۈر-
مەيتتى. پىروفېسسور چيەن ۋېنجۈڭمۇ: «جۇڭگونىڭ مائارىپى
تەرەققىي قىلىپ ھازىرغىچە پۈتۈن بەدەنلىرىنى كېسەل
چىرماپ كەتتى، ھەتتا قۇتقۇزۇشقىمۇ ئامال قالمىدى» دېگەنىدى.
دى. ئەلۋەتتە نارازى بولىدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن: جۇڭگو-
نىڭ بايلىرى، ئەمەلدارلىرى، چەت ئەلگە چوقۇنىدىغانلىقىدىن-
مۇ ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ مائارىپىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئۈمىدىنى
ئۈزدىمىكىن، ئىشقىلىپ ئۇلار بار ئاماللار بىلەن پەرزەنتلىرىنى
چەت ئەلگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ. ئەگەر بايلار، ئەمەلدار-
لار ۋە زىيالىيلار ئۆز دۆلىتىنىڭ مائارىپىغا ئىشەنمىسە، ئۇنداق-
تا بۇ بىر دۆلەتنىڭ مائارىپىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

مەن ئىنچىل جۇڭگونىڭ مەكتەپلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە
ئېلىپ بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشنى تاللا با-
زارغا بېرىپ تاۋار سودىسى قىلىشنى ئويلىغانلىق بىلەن ئوخ-
شىشىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. چۈنكى، مەكتەپلەر ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ تەبىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەبىئىي ئەقىل-پا-
راستىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ،
پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى،
ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ ئادەم ئىش-
لەتكۈچى ئورۇنلارمۇ قوبۇل قىلىنغۇچىلارنىڭ بىلىمى، پەزىلى-
تىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى يوق، پەقەت قوبۇل قىلىن-
غۇچىنىڭ قانداق پايدا ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغىلا قارايدۇ.
ۋاقت ئۆزارغانسېرى ئاشۇ ئالىي مەكتەپلەردە تەبىئىي تەپەك-
كۇر ئىقتىدارى ۋە تەبىئىي ئەقىل-پاراستىنى تەرەققىي قىل-
دۇرغانلار ئەكسىچە غەيرىي تۇردىكىلەرگە، غەيرىي تىپلارغا
ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، كەينىدىكىلىرى ئانچە-مۇنچە تەجرىبە-

ساۋاققا ئىگە بولۇپ ياشاش ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغان بولۇشتى. ئۆتكەندە گوۋۋۇيۈەننىڭ سابىق زۇڭلىسى جۇرۇڭجى: «ئەگەر سىز مائارىپقا زور كۈچ سەرپ قىلمىسىڭىز، نۇرغۇن مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر پايدا - مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى» دېگەنىدى. نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان سۆز - ھە!

شۇڭا مەن مائارىپىمىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە «بارلىقىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىقى ئۈچۈن» بولۇشىنى، مائارىپنىڭ توسقۇنلۇققا ئازراق ئۇچرىشىنى، مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە كۆپرەك بوشلۇق بېرىلىشىنى، مائارىپنىڭ «ھەقىقىي مەنىسىگە»، ئەسلىي ماھىيىتىگە، يەنى ئادەم تەربىيەلەيدىغان مائارىپقا قايتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ماقالا 100 ياشقا كىرگەن جوۋ يوۋگۇاڭنىڭ بىر گېپىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ھەممە ئادەم ئەسلىدىنلا تەبىئىي بولغان تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەبىئىي ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، مائارىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە قوزغىتىدۇ. سىرتتىن قوبۇل قىلغان بىلىم چەكلىك بولىدۇ، بىراق قوزغىتىلغان تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئەقىل - پاراستىنىڭ كۈچى پۈتمەس - تۈگىمەس بولىدۇ. تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئەڭ مۇھىم. ئىلگىرى دۆلىتىمىز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇسلۇبىنى قوللانغان، بىر تەرەپلىمە ھالدا تەربىيەلىگەن، چوقۇنۇشقىلا رىغبەتلەندۈرۈپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرمىگەن، ئوقۇغۇچىلارنى كاللا ئىشلەتمەيدىغان قورال قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان، بۇ زور كەمچىلىك».

گېگىل (گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ، 1770 ــ 1831) مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەتتە ئاسمانغا دىققەت قىلىدىغانلار بولسا، ئاندىن ئۇلاردا ئۈمىد بولىدۇ؛ بىر مىللەت پەقەت پۇتىنىڭ ئاستىدىكى ئىشلارغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بولمايدۇ». مائارىپ ئەگەر پەقەتلا «پۇتىنىڭ ئاستىدىكى ئىشلارغىلا كۆڭۈل بۆلسە»، كۆزى پەقەت مەنپەئەتنىلا كۆرسە، مەمۇرىي تارماقلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئىش تۇتسا، ئۇنداقتا ئىستىقبالى بولمايدۇ، خەلقنى ھەقىقىي رازى قىلالمايدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت مائارىپ مەنپەئەتتىن يىراقراق تۇرالىسا، ھوقۇققا ئازراق خۇشامەت قىلسا، ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ماڭالىسا ئاندىن ئۇ ئەسلىي ماھىيىتىگە قايتالىشى مۇمكىن.

لو كۇيخەي ئىمزالىقىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011 - يىلى 9 - ئايلىق سانىدىن ئەلەجان تۇرسۇن تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى

# لىفتتىكى تۇيغۇلار

1

16 ئادەم لىفتتا چىقتى، لىفتتا پەقەت 15لا ئادەم سىغاتتى، بىر ئادەم چۈشۈپ كەتكەندىلا ئاندىن لىفت قوزغىلاتتى. ھەممەيلەننىڭ جىددىي ئىشى بولغاچقا، ئالدىراپ، ھېچكىممۇ چىقىپ كېتىشنى خالىمىدى. ئون مىنۇت، 20 مىنۇت، يېرىم سائەت... ئۆتتى. بىرەيلەننىڭ تەرتى قىستاپ ئامالسىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا لىفت قوزغالدى.

بۇ پەقەت بىر لىفتلا ئەمەس، بىر كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت. بۇ بىر لىفتقا چىقىش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ساپاسى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ كارتىنىسىدۇر.

2

ئىككى ئادەم تەڭلا لىفتقا چىقماقچى بولدى، بىراق ئىشىك تار بولغاچقا ئىككەيلەن ئىشىككە قىسىلىپ قالدى. چوقۇم بىرەيلەن ئالدىدا كىرسە ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنسىلا مەسىلە ھەل بولاتتى. ئەپسۇس ئۇلاردىن بىرسى:

ــ يول قويىدىغان مەجبۇرىيىتىم ياكى مەسئۇلىيىتىم بولمىسا، نېمىشقا يول قويىمەن؟ ــ دەپ ئويلىدى.

ــ بۇ ئادەمنىڭ ساپاسىغا قارالىڭ، يول بېرىشمىگە ئەرزىمەدۇ؟ چېكىنسەم قەتئىي بولمايدۇ، ــ دەپ ئويلىدى يەنە بىرەيلەن.

شۇنداق قىلىپ لىفت ئىشىكىدە قىسىلىشىپ تۇردى. بۇنداق قىسىلىپ قېلىش پەقەت لىفت ئىشىكىدىلا ئەمەس، كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ.

3

بىركىشى بىر خالتا ئەخلەتنى ئېلىپ لىفتقا چىقتى ۋە ئەخلەتنى لىفتقا قويدى. لىفتتىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالدى. ئەخلەت لىفت ئىچىدە قالدى. بۇنى كۆرگەن:

A: بۇ ئادەم ئەخلەتنى لىفت ئىچىگە قويۇپ قويىدى ساپاسى يوقكەن، — دەپ ئويلىدى.

B: ئېھتىمال ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ ئېسىگە كەلگەندە قايتىپ كېلىپ ئېلىۋېتىشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى.

C: ئەخلەتنى ماڭا ئوخشاش لىفت ئىچىگە قويۇپ قويىدىغانلار بار ئىكەن، — دەپ ئويلىدى.

D: ئالدىراش بولۇپ قالدىم، بۇنداق ساپاسى يوق كىشىلەرگە دىققەت قىلىشقا ۋاقتىم يوق، — دەپ ئويلىدى.

E: باشقۇرىدىغان ئادەم يوقمىدۇ؟ خوجىلىق بۆلۈمىدىكىلەر پەقەت پۇل يىغىشنىلا بىلىدۇ، ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ، — دەپ ئويلىدى.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئەخلەت لىفت ئىچىدە تۇرۇۋېرىپ سېسىدى، ئۇنىڭدىن چىققان پۇراق ئەتراپنى بىر ئالدى. كىرىپ چىقىۋاتقانلار پۇراق دەستىدىن بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋالىدىغان بولدى، بىراق ئېلىۋېتىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

4

لىفتقا ئادەم لىق توشقان بولۇپ، بىرەيلەن خىرامان ھالدا تاماكا چېكىۋاتاتتى. سول تەرەپتىكى بىرەيلەن:

— ئوڭ تەرەپتىكى ئادەممۇ ئوخشاشلا زەھەرلەندى، ئۇ بىر نەرسە دېمىسە مېنىڭ نېمە كارىم، — دەپ ئويلىدى.

ئوڭ تەرەپتىكى ئادەم: — تاماكا ئىسى ماڭىلا زىيان سالمىسا، زىيانغا ئۇچرىساق ھەممەيلەن ئوخشاش ئۇچرايمىز، — دەپ ئويلىدى.

تاماكا چېكىۋاتقان ئادەمدىن يىراق تۇرغان يەنە بىر كىشى: — يېقىن تۇرغانلار گەپ قىلمىسا مەن نېمىشقا گەپ قىلاتتىم، — دەپ ئويلىدى.

تاماكا چېكىۋاتقان ئادەمگە يېقىن تۇرغان كىشى: — مەنپەئەت ئالدىغىنى كۆپچىلىك بولىدۇ، ناۋادا ئۇ ئاچچىقلىنىپ تىللىسا زىيان تارتىدىغىنى پەقەت مەنلا بولىمەن، — دەپ ئويلىدى.

شۇنداق قىلىپ تاماكا ئىسى سەۋەبىدىن بەزىلەر يۆتەلدى، لىفت ئېچىدىكى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا «تاماكا چەكمەڭ» دېگەن بەلگە چاپلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، تاماكا ئىسى لىفت ئىچىدە ئىزچىل ئايلىنىپ يۈردى.

5

لىفت كىچىككىنە ئاممىۋى سورۇن، شۇنداقلا كىشىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

جاڭ فېڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىللىق 6 - ئايلىق سانىدىن **ئابدۇۋەلى مۇسا** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كەلپىن ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## ئەندىشە

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، ۋاڭ گوڭنىڭ ئايالى ئاشقازان راكى سەۋەبىدىن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى تاشلاپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى، ۋاڭ گوڭ 50 ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئادەتتە ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كۈنلىرى تېخىمۇ ئالدىراش ئۆتىدىغان بولدى.

ۋاڭ گوڭ قايتا ئۆيلىنىش خىيالىغا كەلدى.

بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، ئۇ چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك بىر ئايالغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇقۇشۇش ئارقىلىق ئۇ ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، مەدەنىيەت تارمىقىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدى، ۋاڭ گوڭ خۇشال بولۇپ، ئۇ ئايالنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

مەلۇم قاۋاقخانىدا ئىككەيلەن ئۇچراشتى، بىر قانچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ۋاڭ گوڭ مەقسەتنى ئېيتىپ،

ئۆزىنى ئاددىيلا تونۇشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلدى.

ئايال سورىدى:

— ئۆيىڭىز بارمۇ؟

— بار.

— ماشىنىڭىز بارمۇ؟

— بار.

ئۇ ئايالنىڭ تۈز مىجەزى ۋاڭ گۇاڭنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئۇ ئايال يەنە سوراشقا باشلىدى:

— بانكىدا قانچىلىك پۇل ئامانەت قويدىڭىز؟

ۋاڭ گۇاڭ نارازى بولۇپ، چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— 8 مىليون، — دېدى.

ئۇ ئايال ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى-دە، ۋاڭ گۇاڭغا:

— خەير-خوش، — دېدى.

ۋاڭ گۇاڭ چۈشەنمەي:

— 8 مىليونمۇ ئازلىق قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئايال كۈلۈپ كېتىپ:

— ياق، ئاز دېگىنىم ئەمەس، بەك كۆپ ئىكەن، — دېدى.

ۋاڭ گۇاڭ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمىشقا؟

ئايال:

— چۈنكى مەن يەنە تۇل خوتۇن بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن، مېنىڭ بۇرۇنقى ئىككى يولدىشىمنىڭ بىرسىنى باشقىلار قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، يەنە بىرسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، — دېدى.

ياڭ بەي ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «فېليەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» 2013-يىلى 1-ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **ئەلجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدا

# مىكرو فېليەتونلار

## «ئاشكارىلاشقا قولايسىز»

ۋاڭ خېڭ

خىزمەتدىشىمىز شياۋ چېڭ شىركەتكە كېلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا، مۇدىر مېنىڭ ئۇنى يېتەكلەپ خىزمەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىغا بۇيرۇدى. بۇرۇنلاردا مۇدىر بىر كۈندە كۆپ بولغاندا ئىشخانامغا بىرەر قېتىم كىرىپ قوياتتى. لېكىن شاۋ چېڭ شىركەتكە كەلگەندىن كېيىن ھە دېسىلا كۈنىگە بىر قانچە قېتىم كىرىپ پايپېتەك بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىردەم شياۋ چېڭدىن خىزمەتكە كۆنۈپ كېتەلىگەن-كېتەلمىگەنلىكىنى سورىسا، بىر دەمدىن كېيىنلا مېنىڭ ياخشى يېتەكلەپ كەسپىي پىششىق ئىگىلىشىگە يېقىن تۇرۇشۇمنى تاپىلايتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندە مۇدىر يەنە ئىشخانىغا كىرىپ، زورۇقۇپ كۈلگەن پېتى شياۋ چېڭدىن سورىدى:

— خىزمەتكە كۆنەلىدىڭىزمۇ؟ قانداق تەلەپلىرىڭىز بولسا تارتىنماي ئوتتۇرىغا قويۇڭ!

مەن مۇدىرنىڭ شياۋ چېڭغا بۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاجايىپ سىقىلدى، مۇدىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاقەت قىلالماي سورىدىم:

— سەن مۇدىرنىڭ تۇغقىنى ئوخشىمامسەن؟

— ياق! — دېدى شياۋ چېڭ ماڭا مەنىلىك قاراپ.

— ئۇنداقتا مۇدىر نېمىشقا ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدۇ؟ — مەن تازا چۈشەنمەي سورىدىم. شياۋ چېڭ ئاڭلاپ مەنىلىك كۈلۈۋېدى، بۇنىڭغا قاراپ گۇمانىم كۈچەيدى-دە، تاقەت قىلالماي يەنە سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئۇنداق بولسا سەن چوقۇم باش مۇدىرنىڭ تۇغقىنى؟

— شىركەتتىكى باشلىقلاردىن تارتىپ پۇقراغىچە ھېچقايسىسى مېنىڭ تۇغقىنىم ئەمەس، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — مەن دېگەن رەسمىي يۈزتۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كىرگەن.

مەن ئەمدى بىر نەرسە دېيىشكە ئامالسىز قالدىم، بىراق بىر ئازدىن كېيىن شياۋ چېڭ بوش ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— ۋاڭ ئاكا، مەن سەۋەبىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي، لېكىن سىز چوقۇم مەخپىيەتلىكنى ساقلىشىڭىز كېرەك. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ۋەدە بەردىم، شياۋ چېڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن شىركەت بەرگەن ئارخىپنى توشقۇزغاندا «ئاتا-ئانىسى» دېگەن گىراپىغا «ئاشكارىلاشقا قولايسىز» دېگەن خەتنى يازدىم، مۇدىر كۆرۈپلا «دادىڭىزنىڭ كەسپى نېمە؟ نېمىشقا يازمايسىز» دەپ سورىۋېدى، مەن ئۇنىڭغا «دادامنىڭ ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بار، ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ» دېدىم.

— سەن نېمىشقا بۇنداق يازىسەن؟ — مەن ھەيرانلىقتا سورىدىم.

— شۇنىڭدىن كېيىن مۇدىر مېنىڭ دادامنى چوقۇم ناھايىتى مۇھىم ئادەم دەپ قاراپ قالدى بولغاي، — دېدى شياۋ چېڭ مىيىغىدا كۈلۈپ، — بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلىشىم ئاسانلىشىدۇ، قارىمامسىز ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ پايپېتەك بولۇپ كەتكىنىنى!

## مايمۇننىڭ بۇتنى تاۋاپ قىلىشى

جېڭ ۋېنفا

ھەملىكتىمىزنىڭ شىمالىدا بىر كىچىك ئارال بار، ئۇ ئارالدا تولىمۇ ئەقىللىق بىر توپ مايمۇن ياشايدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم كىشىلەر بۇتخانىغا كىرىپ كۆجە كۆيدۈرگەندە، بۇتخانىنىڭ ئېگىز جايىغا يوشۇرۇنۇپ، ئادەملەرنىڭ كۆجە كۆيدۈرگەن چاغدىكى پۈتكۈل ھەرىكىتىنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئىنچىكە كۆزىتىدىكەن. ئاندىن كىشىلەر بۇتقا باش ئۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەرھال سەكرەپ چۈشىدىكەن، لېكىن ئۇلار ھەرگىز ئادەملەر ئېپكېلىپ قويۇپ كەتكەن مېۋە-چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىش بولماستىن، بەلكى ئالدىن كۆرگىنى بويىچە ئۇلارنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئادەملەرگە ئوخشاش ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىر نەرسە ئوقۇغاننى دورايدىكەن. ئۇلار بارلىق رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئادەملەر بۇت ئالدىغا تىزىپ قويغان مېۋە-چېۋە، يېمەكلىكلەرنى بەھۇزۇر يەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە مايمۇنلار ھەرقانچە ئەقىللىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئادەملەرگە ئوخشاش مۇستەقىل تەپەككۇر قىلالىشى ناتايىن-دە! ئۇنىڭ «بۇتقا باش قويۇشى» بىر خىل تاشقى كۆرۈنۈش. ئورۇنداش نەزەرىيەسىدىن ئالغاندا بىر شەكىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئادەملەر ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەردىن بەھرە ئېلىش، تاشقى قىياپىتىگىلا قاراپ، قورساقتىكى بىلەن كارى بولماسلىقتىن ئىبارەت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىمۇ ئاشۇ مايمۇنلارغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلار بۇرۇن ۋە ھازىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## پروفېسسورنىڭ كېسەل ئۈستىدە ئېيتقانلىرى

فەن خوۋيەن

سىز مۇپتىلا بولغان كېسەل ئاز كۆرۈلىدىغان بىر خىل كېسەللىك، ئەمما ئاز كۆرۈلىدىغان كېسەللىكمۇ دوختۇرلار كۆرۈشكە تېگىشلىك كېسەل. مەنمۇ 20 نەچچە يىل كېسەل كۆرگەن، شۇڭا سىزنىڭكىگە ئوخشاش كېسەلنى كۆپ ئۇچراتمىغانمەن، بۇ خىل كېسەللىك ھەر دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىككە، كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىككە ئوخشاشمايدۇ. يۇقۇملۇق كېسەلمۇ ئەمەس، ئىرسىيەتتىن بولغان كېسەللىككە، تۇغما كېسەللىككە تېخىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، فىزىيولوگىيەدىكى كەمتۈكلۈك كېسەللىكىگە تېخىمۇ ئوخشاشمايدۇ؛ يود كەملىك كېسەللىكىگە، قۇش زۇكىمىغا تېخىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، A تىپلىق چوشقا زۇكىمىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ.

بۇ خىل كېسەللىك ئېغىر كېسەللىكمۇ ئەمەس، يەڭگىل كېسەللىكمۇ ئەمەس، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىك تېخىمۇ ئەمەس، ئومۇمەن ئالغاندا، ئانچە ئەنسىرەپ كېتىدىغان كېسەللىك ئەمەس، لېكىن سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر خىل كېسەللىك.

ئەگەر سىز زادى قانداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي، مەن دېگەن كېسەل داۋالايدىغان ئادەم، سىز كېسەل بولغان ئادەم. سىزمۇ بۇ خىل كېسەلنى ئانچە بىلىپ كەتمەيسىز، شۇڭا يەنىلا سىزنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىڭىزغا قاراپ بىر دورا يېزىپ داۋالىغىنىمىز تۈزۈك. ناۋادا كېسىلىڭىزنى داۋالىيالماسام قايتا كېلىپ تەكشۈرتۈپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ قايتا دىياگنوز قويدۇرۇپ باقسىڭىزمۇ ياكى كېسەلخانىدا يېتىپ يەنە بىر قەدەم ئىچكىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلدۇرۇپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئىشەنچلىك دىياگنوز قويۇش ئۇسۇلى يەنىلا دېھقان ئىشلەمچى جاڭ خەيجاۋغا ئوخشاش

قورسىقىڭىزنى يېرىپ تەكشۈرۈپ باققاندىلا، زادى نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىڭىز توغرىسىدا توغرا دىياگنوز قويغىلى بولىدۇ.

## زەربىدارلىق بىلەن خەلققە يېقىنلىشىش

لىيۇ لىلى

يىل ئاخىرقى بىر كۈنى غوجايىن ھەرقايسى بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا بېرىشتىن ئاۋۋال مۇدىر لاۋ جاۋنىڭ چىرايى باشقىچە بولۇپ كەتكەنىدى. بىز ھەممەيلەن بۇنداق چاغدا ئاچقان يىغىن چوقۇم يىللىق خۇلاسە، ياندۇرقى يىللىق خىزمەتلەرگە سەپەرۋەر قىلىش بولىدۇ، بۇنداق قىلغىچە بۆلۈم باشلىقلىرى ئاگاھلاپ يەتكۈزسىلا بولىدىغۇ دېيىشتۇق. چۈشكە يېقىن سائەت 11 دا لاۋ جاڭ ماڭا ئۇچۇر يوللاپ، چۈشتە ھەممەيلەننىڭ قايتماي، بىرەر ياخشى جاينى تېپىپ، راسا بىر زىياپەت ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتىشىم بىلەن تەڭ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىشتى.

يىغىندىن تارقىغاندىن كېيىن ئادەتتە ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغان لاۋ جاڭنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، تولىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن شەھەردىكى ئەڭ ئاۋات يەل قازان شەھەرچىسىگە يۈرۈپ كەتتۇق، بىراق ئۇ يەرگە بېرىشىمىز بىلەن تەڭ شىركەتتىكى ھەممە ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچىلىرى خۇددى شىركەت ئۇ يەرنى كۆتۈرە ئېلىۋالغاندەك زالنى بىر ئالغانلىقى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. يەتتە، سەككىز شىرەدىكىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ، مەززىلىك پۇراقلارغا قوشۇلغان كۆلكە چىرايلار سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى، لاۋ جاڭ نۆۋەت بىلەن ھەممەيلەنگە ھاراق تۇتۇپ، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەست بولۇشتى.

ھاراق زىياپىتى ئاخىرلاشقاندا كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لاۋ جاڭمۇ غەرق مەست بولۇپ كەتكەن بولۇپ، مەن دەرھال ئۇنى يۆلىۋالدىم، ئۇنىڭدىن «باشلىق»نىڭ مۇنداق زىياپەت بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا، لاۋجاڭ بىر قانچىنى كېكىرگەندىن كېيىن مەستلىكتە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى ئاشكارىلىدى:

— بۇ يىل باش ئىشتاب ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنى ئومۇميۈزلۈك سىناپ تەكشۈرمەكچى، ئۇلار ئا-

ساسلىقى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن باھاسىنى ئاساس قىلىدۇ، — بىر ئازدىن كېيىن كۆپچىلىككە بىردىن جەدۋەل تارقىتىپ بېرىمىز، ئۇنى توشقۇزۇۋىسىلەر، شۇڭا بىز زەربىدارلىق بىلەن «خەلق بىلەن يېقىنلىشىش» يۇقىرى نومۇرىغا ئېرىشىشىمىز كېرەك.

## سەككىز ياش كىچىك

لىيۇ سى مەنىلىك قىلىپ نيۇچىڭگودىن سورىدى:

— دادىسى، بىز بىلەن بىر دېمەتلىك ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى باشقارما دەرىجىلىك رەھبەر، ئۇلار يېقىندا پېنسىيەگە چىقىپ بولدى، سىز قاچان چىقىسىز؟

— مەن!— نيۇچىڭگو ئاستا كۈلدى،— يەنە سەككىز يىلدىن كېيىن، خوتۇن!

— نېمە؟ يەنە سەككىز يىلدىن كېيىن؟— لىيۇسى ھەيران قالدى،— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن،— دېدى نيۇچىڭگو تولىمۇ مەغرۇرلۇق بىلەن،— مەن مۇناسىۋەتكە تايىنىپ، يېشىمنى سەككىز ياش كىچىكلىتىۋالغانىدىم.

— ئاشۇنداق ساختىپەزلىكلەرنى قىپتىكەنسىز - دە!— دېدى لىيۇ سى ئېرىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ.

— ھازىر دېگەن بازارلاردا ساختا دورا، ساختا ماي، ساختا يېمەكلىكلەر ئازمۇ؟— نيۇچىڭگۇ پەرۋا قىلمىغاندەك دىمىقىنى قاقتى،— ئاشۇنداق ساختا نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ پۇلىنى ئالغانىنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالدى، بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، لېكىن مېنىڭ يېشىمنى كىچىكلىتىشىم بىر قانچە يىل ئارتۇق ئەمەلدار بولۇش ئۈچۈن شۇ، باشقىلارغا زىيان يەتمىسە يا، نېمىشقا بۇنداق قىلمايدىكەنمەن؟

— بۇ...، — لىيۇ سى دۇدۇقلاپ قالدى.

«فېلىيەتونلاردىن تەرمىلەر گېزىتى»نىڭ 2012 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، 13 -، 17 -، 20 -، 31 - كۈنلىرى سانى، 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانى. «جۇڭگو قىيما گېزىتى»نىڭ 2 - فېۋرال سانى ۋە «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2011 - يىلى 9 -، 10 - سان (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىدىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانىي** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدە



# لاي تامچىلىقنىڭ «سىرى»

ئەركىن ئاۋۇت

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلىنىشى ۋە تەدرىجىي شەھەرلىشىشكە قەدەم قويۇشى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى جەھەتتە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت يايلاق ئىگىلىكى كەسپلىرىدىن دېھقانچىلىق ۋە ئائىلىۋى باقمىچىلىق كەسپىگە قەدەم قويۇشى جەھەتتە ئىپادىلەنسە، تۇرمۇش كەچۈرۈش شەكلى جەھەتتە، چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەردىن قورۇ ھويلا-ئارام شەكىللىك مەھەللىۋى ئولتۇراقلىشىش نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ شەھەرلىشىش ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تارىخىنى ئاز دېگەندىمۇ 3000 يىلدىن ئارتۇق دەپ پەرەز قىلساق خاتا بولمايدۇ. چۈنكى 3000 يىللار ئىلگىرىلا قەشقەر، جۇملىدىن يەكەن، كۇسەن، تۇرپان، خوتەن، ئۇۋرغول (قومۇل) قاتارلىق قەدىمىي يۇرتلاردا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر خارابىلىرى ۋە قەدىمىي ماددىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ تېپىلىشى بۇ يەكۈنىمىزنىڭ مۇستەھكەم دەلىلى بولالايدۇ. چۈنكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شۇ مىللەتتە بىناكارلىقنىڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولساق، شەھەرلىشىش ئۇنىڭ بىر قەدەر يۈكسەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەدىمىي شەھەر ئىزنالىرىغا قارايدىغان بولسا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزى ياشىغان يۇرتلارنىڭ تۇپراق شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، ئىقلىم ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپتە توپىدىن لاي ئېتىپ، لاينى چىڭداپ پىشۇرۇپ، تام سالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر خارابىسى ۋە نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ھازىرمۇ مۇشۇنداق لاي تاملارنىڭ ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. لايدىن تام ئېتىش — ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمىي ئۇسۇل بولۇپ تېخنىكىسىنىڭ ئاددىيلىقى، ماتېرىيال ئىزدەش ئاۋارىچىلىكى يوقلۇقى، تەننەرخىنىڭ ئەرزانلىقى، مەزمۇت ھەم چىدامچانلىقى بىلەن تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان ھويلا-ئارام مىمارچىلىق كەسپىنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىش تاملار ۋە بېتون سېمونت قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر كۆپىيىپ، لاي تامچىلىقتىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي كەسىپ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مىمارچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئومۇملاشقان شەكلى بولغان لاي تامچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىمۇ مىللىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى سۈپىتىدە ئەستايىدىل يەكۈنلەپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نامايەندىلىرىدىن بولغان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، يەكەن ئازنا مەسچىتى، يەكەن جامەسى، ھەفتە مۇھەممەدىن قەبرىگاھى...غا ئوخشاش شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك ئىمارەتلەر شەكلىنىڭ كۆركەملىكى، ھەيۋەتلىكلىكى، ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكى، ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرىنىڭ ئېسىللىقى بىلەن بىر دەۋر بىناكارلىقنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغانلىقى بەرھەق. دەۋرنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا نەچچە مىڭ يىللىق ھەشەمەتلىك ئوردىلارنىڭ يەنە قانداق ئېسىل مىمارچىلىق نەمۇنىلىرى تەتقىقاتى بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان مىليونلىغان ئاۋام خەلق ئۇنداق ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەردە ئولتۇرالمىغان بولسىمۇ

مەدەنىيەت بىزنىڭ بايلىقىمىز

ئۇنى ئاپىرىدە قىلغان. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. شۇ ۋاقىتتىن بىز شەخسىي تۇرالغۇ تىپىدىكى ئۆي ئىمارەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا ئۇنىڭ تام قۇرۇلمىسىنىڭ لاي تام، سوقما تام، قورام تام، كېسەك تام، قوشام تام، خىش تام... قاتارلىق شەكىللىرىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

رايونىمىزنىڭ تۇپراق ۋە كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسى، كونىشەھەر ناھىيەسى، يېڭىسار ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى، پوسكام ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەلىرىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان، بولۇپمۇ يېزا - قىشلاقلاردا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

**لاي تام مۇنداق ئېتىلگەن:**

ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم بولغىنى توپا چوقۇم ئەتسىغىز تۇپراق بولۇشى شەرت، قۇم ئارىلاش ياكى زەي بولسا لاي تام ئېتىشكە ماس كەلمەيدۇ.

بۇ خىل تام ئۇسۇلى ئەڭ دەسلەپتە ئۆي سېلىش ئۇسۇلى بىلەن باشلىنىپ تەدرىجىي ھويلا - ئارام، باغنىڭ قورۇ - تاملىرىغىچە كېڭەيتىلگەن. ئالدى بىلەن تۇپراق تەييارلانغاندىن كېيىن توپا چاناپ يۇمشىتىلىپ، قاندۇرۇپ سۇ قويۇلىدۇ، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر كېچە ساقلىنىدۇ، تام ئېتىشتىن بۇرۇن تام سېلىنىدىغان ئورۇن قايتا - قايتا چىڭدىلىپ تام ئۇلى تەييارلىنىدۇ ھەمدە تام سېلىش ئۇلىغا مۇۋاپىق مىقداردا ئۇستەڭ قۇمى قويۇلۇپ تەكشىلىنىدۇ، تام سېلىنىدىغان يەر مۇبادا زەيرەك بولۇپ قالسا ئاستىغا بىر قاتار تاش ياكى زەيدىن مۇداپىئە قەغىزى سېلىنىدۇ.

لاي قايتا - قايتا چانىلىپ ئۇرۇپ، يالاڭئاياغ قايتا - قايتا دەسسىلىدۇ، لاي تولۇق دەسسەپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، تام ئۇستىسى ھەم لاي ئالغۇچى تام ئېتىشكە باشلايدۇ. لاي ئادەتتە «بەل» بىلەن ئېلىنىدۇ، «بەل» ئادەتتە ئەي شەكىلدە بولۇپ بىسى كەتمەن بىسىدەك ئىتتىك بولىدۇ، ئادەتتە 1.2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا دەستىسى (سېپى) بەلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ساپلىنىدۇ.

لاي ئېلىشتا لايىنى تۆت چاسا شەكىلدە كەسلەپ ئېلىنىدۇ. ئادەتتە 30 سانتىمېتىر بولىدۇ، تامچى لايىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن ئېلىپ تام ئېتىدۇ، لاي تامنىڭ ئۇل قىسمى كەڭلىكى ئادەتتە قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ، 80 سانتىمېتىردىن 100 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ.

**ئۇستى مۇنداق يېپىلغان:**

ئادەتتە تام پۈتكەندىن كېيىن ئاپتاپتا تولۇق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇستى يېپىلىدۇ، ئۇستىنى يېپىشتا تاق ۋاسا، جۈپ ۋاسا (ۋاسا جۈپ)، چىغ ۋاسا، كاۋۇلچە قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللاردا يېپىشقا ماس كېلىدۇ.

ئۇستىنى يېپىشتا تامنىڭ ئۇستى، يان گىرۋىكى ئۆلچىنىپ، بىر - بىرىگە گىرەچى قىلىنىپ سىنجا قويۇلىدۇ، ئادەتتە سىنجىنىڭ قېلىنلىقى ئون سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تامنىڭ ئىچكى گىرۋىكىنى ئاساس قىلىپ چاسا شەكىلدە قويۇلىدۇ، تۈۋرۈك ئادەتتە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ تۆت تالدىن ئالتە تالغىچە بولىدۇ. تۈۋرۈكنىڭ دىيامېتىرى 10 - 15 سانتىمېتىرغىچە تۈز ياغاچتىن بولىدۇ، تۈۋرۈك تامنىڭ ئىچكى قىسمى ئورۇلۇپ، تام ئارىسىغا ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ يېپىلغان قىسمىنى ھەم تام تۈۋرۈك تەڭ كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا تام ئۆرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆي ئۆگزىسى ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايدۇ، بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە خاتىرجەم ھالدا ئوتۇن، قوناق شاخلىرى، ھەتتا ئاش ئوزۇقىنىمۇ ساقلىغىلى بولىدۇ. ئۇستى يېپىلىپ بولغاندىن كېيىن تامنىڭ بوشلۇقلىرى كاكۇل (سامان لاي) بىلەن ئېتىلىپ ئىشىك - دېرىزىلىرى قويۇلۇپ تەكشى سۇۋۇلىدۇ، سۇۋاشتا كاكۇل سۇۋاق، گەج سۇۋاق (ئالدى بىلەن كاكۇلدا سۇۋۇۋېلىپ ئاندىن گەجدە سىلىق سۇۋاق قىلىنىدۇ)، توزغاق سۇۋاق قاتارلىق سۇۋاقلارنىڭ ھەممىسى ماس كېلىدۇ، ئادەتتە كۆپرەك كاكۇل لاي بىلەن سۇۋۇلۇپ ھاك بىلەن ئاقارتىلىدۇ.

ھويلا تاملىرى، باغ تاملىرى ئادەتتە سۇۋالماي ئەسلىي ھالىتى بىلەن تۇرسىمۇ يەنىلا كۆركەم كۆرۈنىدۇ.

**لاي تام ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

بىرىنچىدىن، بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ تاملىرى لاي ئېتىشتىن تارتىپ تام ئېتىشكىچە بولغان ھالقىلىرى بىر قەدەر يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەييارلانغاچقا، تامنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر ئەسىردىن بىر يېرىم ئەسىرگىچە ساقلىنىدۇ، تامنىڭ سۇۋاقلىرى ياكى ئازدۇر - كۆپتۇر توپىلىرى كونىراپ چۈشۈپ كەتسە قايتا ئوڭشاپ، قايتا سۇۋاپ يەنە يېڭى ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، يەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش سەۋەبىدىن باشقا تام يېرىلىپ كېتىش، ھەتتا تام ئۆرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇستى يېپىقىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلار لاي تامچىلىقنىڭ دەسلەپكى ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ سېكرېتارى.



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ قازاق-قىرغىز «دۇلدۇل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» باھالاش كومىسسىيەسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى، «سەرسان ھايات»، «گۈلگۈن مۇھەببەت»، «سۆك-سۆك پۆپىكى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، «««ماناس»» قاتارلىق ئېپوسلارنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى، قازاقچە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «تىل-ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلغۇچى، قازاق-قىرغىز ئەدەبىياتى بويىچە بىر قانچە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگۈچى تالانتلىق ئەدىب، خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ئەلچىسى تاپاي قايسقان ئوغلى.




《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼

邮　　编：830002 电话：（0991）2856942

印　　刷：《新疆日报》印务中心

发　　行：乌鲁木齐市邮局

订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22　定价：6.00元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013 ـ يىلى 3 ـ سان (ئومۇمىي 321 ـ سان)

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى:6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 6.00 يۈەن